بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ خۇش كەلدىڭ ئەي مۇبارەك رامىزان...............
.........................«مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى 3

❖ روزا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە..................
.................................. ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى 5

❖ بىز قانداق قەد كۆتۈرىمىز.....ئابدۇلئەھەد ھاپىز 14

❖ ۋەقپە ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇر ۋەقپىلىرى
.................................سىراجىدىن ئەزىزى 31

❖ ئىسلام دۇنياسى ۋە يېڭى تۈركىيە لىنىيىسىگە نەزەر...
................................ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 38

❖ دىن ۋە سىياسەت نەزىرىدىكى ھىجاب...............
............ ئابدۇلھەپىز مۇھەممەد ئابدۇللا تەرجىمىسى 52

❖ شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان، ئۇيغۇرلارغا
ئائىت قولىيازما قۇرئانلار.. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت 57

❖ دىنىي ئېتىقاد.................تاھىرجان ئابباس 69

❖ مىللەتپەرۋەر، پىداكار ئۇستاز ئابدۇساتتار مەۋلىۋى...
.................................مۇھەممەد يۇسۇپ 77

❖ مۇۋەپپەقىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇزلىرىمىز (1)..
................................. ئابدۇلجېلىل تۇران 79



دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2017

2 ـ سان
(ئومۇمىي 19 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلىرى:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net




1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق، يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز: ***Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat***
***Sefaköy Küçükçekmece Istanbul***
***TEL: 0212-6243928***




ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن كۈنلەردىن جۈمە كۈنىنى باشقا كۈنلەردىن ئۇلۇغ قىلغاندەك، ئايلاردىن رامىزان ئېيىنى باشقا ئايلاردىن ئۇلۇغ ۋە پەرقلىق قىلغان. رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ پۇرسىتى بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ مۇبارەك ئايدا ئاللاھ تائالا كۆپلەپ سەجدە قىلىش، كۆپلەپ قۇرئان ئوقۇش ۋە كۆپلەپ سەدىقە بېرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشقا تىرىشىدۇ. بىزنىڭ يېگانە ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىدا ئىبادەتنى ئەڭ كۆپ قىلىدىغان، سەدىقىنى ئەڭ كۆپ بېرىدىغان ۋە قۇرئاننى ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغان زات ئىدى.

رامىزان ئېيى روھىمىزنى تەربىيەلەيدىغان، ئۇنى يۇكسەلدۈرىدىغان مەكتەپ بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار رامىزان سايىسىدا ئەخلاقىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىز، گۇناھلىرىمىزنى يۇيىمىز، ساۋابىمىزنى كۆپەيتىمىز، نەپسىمىزنى يېڭىشنى، ئۆزىمىزنى كونترول قىلىشنى ۋە سېخىيلىقنى ئۆگىنىمىز. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى چىن ئىمانى بىلەن، ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈش مەخسىتىدە تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»①. بۇ ھەدىستىكى: « چىن ئىمانى بىلەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ روزا تۇتقان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان ئەجىر ۋە ساۋابلار ھەققىدە قىلغان ۋەدىسىگە چىن ئىشەنگەن ھالدا

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

روزا تۇتسا دىگەنلىكتۇر. رامىزان ئېيى يەنە دۇئالا ئىجابەت بولىدىغان ئايدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى، ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى»①. رامىزان ئېيىنىڭ شاراپىتى ۋە ئۇلۇغلىقىدىن بۇ ئايدا ئادا قىلىنغان ئۆمرە خۇددى ھەج پەرزىنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش ساۋابلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «رامىزان ئېيىدا ئادا قىلىنغان ئۆمرە (ساۋاب جەھەتتە) ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر»②.

بۇ يىل رامىزان ئېيى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان سۆيۈملۈك ئۇيغۇر خەلقىمىز دەرد ئەلەمگە چۆمگەن، ئاللاھ تائالادىن باشقا ياردەمچىسى ۋە مەدەتكارى يوق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىۋاتقان بىر پەيتتە كەلدى. جانابى ئاللاھ تائالادىن ئىسلامغا نۇسرەت، خەلقىمىزگە ئامان-ئېسەنلىك ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز.

—«مەرىپەت ژورنىلى» تەھرىراتى

① ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

② ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## شۆھرەتپەرەسلىك ئاپەتتۇر

سىز ھەرگىز شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلمەڭ، چۈنكى ئەگەر سىز شۆھرەتكە بېرىلسىڭىز، بۇ يولدا كۆپ بەدەل تۆلەپ كېتىسىز. نۇرغۇن كىشىلەر مەشھۇر بولۇش ئۈچۈن، نام چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ، ئەمما ئاخىرىدا تۆلىگەن بەدىلىگە يارىشا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار ۋاقىتلىق ئابرۇي قازانغىنى بىلەن، ئاستا- ئاستا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، خۇددى ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ توغرىسى، سىز مەشھۇر ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، مۇھىم ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ. چۈنكى شۆھرەت دېگەن تۇتۇنغا ئوخشايدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇ تۇرمايدۇ، تېزلا يوقاپ كېتىدۇ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. شۆھرەتپەرەسلىكتىن سىزگە ياكى باشقىلارغا پايدا كەلمەيدۇ. شۆھرىتىڭىز چىققاندا سىز بىر مۇددەت ئۆزىڭىزنى خوش قىلىسىز، خالاس. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۆھرەت تېزلا يوقاپ كېتىدۇ. ئەمما ئەگەر سىز مۇھىم ئادەم بولسىڭىز، ھەر زامان سىزنىڭ قەدىر - قىممىتىڭىز بولىدۇ، كىشىلەر سىز ئارقىلىق ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ، سىزنى ئەزىزلەيدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئىززەت تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىز سائادەتكە ۋە خوشاللىققا تولىسىز، ئاللاھ تائالامۇ سىزدىن رازى بولىدۇ. بۇ نېمىدېگەن چوڭ بەخت - ھە!

بىر پسىخولوگ مۇنداق دېگەن: «پاكار ئادەمنىڭ سايىسى ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە بولۇپ كۆرۈنگەن ۋاقىت دەل كۈن پاتقىلى ئاز قالغان ۋاقىتتۇر». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، سىز ئۆزىڭىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىڭىزنىڭ ھەجىمىدىن بەك چوڭ كۆرۈنۈپ كەتكەن چېغىڭىزدا، سىز تۈگەشكەن بولىسىز، خۇددى كۈن پاتقاندەكلا سىزنىڭ قۇياشىڭىز پاتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

(«بەخت- سائادەتنىڭ 40 رېتسېپى» ناملىق كىتابتىن)




روزا ـ تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە روزا تۇتۇش نىيىتى بىلەن، يېيىش ـ ئىچىشتىن، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ۋە روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان بارلىق ئامىللاردىن ئۆزىنى ساقلىماغلىقتۇر. روزا ئىسلامنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ھوشى جايىدا، روزا تۇتۇشقا قادىر بولالايدىغان، سەپەرگە چىقمىغان ھەر قانداق مۇسۇلمانغا رامىزان ئېيىنى كۆرۈش ياكى شەئبان ئېيىنى تولۇق ئوتتۇز كۈن تاماملاش بىلەن روزا تۇتۇش پەرز بولىدۇ. ئاللاھ تائالا رامىزان روزىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! تەقۋا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ (قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر

ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ، (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغزىڭلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ.»[1]

يېيىش-ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت، قان ئالدۇرۇش، زورلاپ ياندۇرۇش، ھەيز ۋە نىپاس قاتارلىقلار روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئامىللاردۇر.

مىسۋاك قىلىش، سەپەرگە چىقىش، ھاۋا قىزىپ كەتكەندە سۇ بىلەن ئۆزىنى سۇۋۇتۇش، ئوكۇل سالدۇرۇپ داۋالىنىش (غىزالاندۇرىدىغان ئوكۇل بولمىسىلا)، كۆزىگە سۈرمە تارتىش قاتارلىقلار روزا تۇتقۇچىلار ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئىشلاردۇر.

سۇھۇرلۇق يېيىشنى كېچىكتۈرۈش، ئېپتار قىلىشقا ئالدىراش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سۇھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈڭلار، ئېپتارغا ئالدىراڭلار.»[2] «خەلق ئېپتار قىلىشقا ئالدىرىسىلا داۋاملىق ياخشىلىق ئىچىدە

[1] سۈرە بەقەرە 183، 184 -، 185 - ئايەتلەر.
[2] [ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى]

بولىدۇ.»[3]

نېمە بىلەن ئېپتار قىلىش كېرەك؟ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ھۆل مېۋىلەر بىلەن، ھۆل مېۋىلەر تېپىلمىسا خورمىلار بىلەن، خورمىلارمۇ تېپىلمىغاندا سۇ بىلەن ئېپتار قىلاتتى.»[4]

ئېپتار قىلغاندا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېپتار قىلغاندا، مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئاللاھ خالىسا ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار نەمدەلدى، ساۋاپ بېرىلدى.»[5]

روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېپتار قىلغان ۋاقىتتىكى دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسى قايتۇرۇلمايدۇ: ئادىل ئىمامنىڭ دۇئاسى، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېپتار قىلغان ۋاقىتتىكى دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى.»[6]

ئېپتارلىق بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىغا

[3] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى]
[4] [ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى]
[5] [ئىمام ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى]
[6] [ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ھەببان رىۋايىتى]

ئوخشاش ساۋاپ بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئىپتارلىق بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىغا ئوخشاش ساۋاپ بېرىلىدۇ، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرى كېمەيتىلمەيدۇ.»[①]

رامزاننىڭ كېچىلىرىنى تەراۋىھ، تەھەججۇد، تەۋبە-ئىستىغپار، زىكىر-تەسبىھ ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش لازىم. تەراۋىھ نامىزى سۈننەت بولۇپ، ھەر ئىككى رەكئەت ناماز ئوتتۇرىسىدا جامائەت بىر ئاز ئارام ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناماز تەراۋىھ (يەنى ئارام ئېلىش، راھەتلىنىش) نامىزى دەپ ئاتالغان. تەراۋىھ نامىزىنى قانچە رەكئەت ئوقۇش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ ھەر خىل كۆز قاراشلىرى بار بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار تەراۋىھ نامىزىنى ۋىتىر نامىزىنى قوشماي سەككىز رەكئەت، ۋىتىر نامىزىنى قوشقاندا ئون بىر رەكئەت ئوقۇش سۈننەت، ئەمما ئۇنىڭدىن زىيادە ئوقۇش جايىز دەپ قارايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزان ۋە ياكى باشقا ئايلاردا بولسۇن ئون بىر رەكئەتتىن زىيادە قىلمايتتى.»[②] ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونى كەلسە، كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويقۇسىدىن ئويغۇتۇپ قوياتتى، ئىشتان بېغىنى چىگىۋېتەتتى.»[③]

رامزان ئېيىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، ئۇنى رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىگە كىچىكتۈرۈش ئەۋزەلدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا، رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا (ئىبادەت قىلىشقا) ئالاھىدە تىرىشاتتى.»[④]

روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئۆزى ۋە بارلىق ئائىلە ئەزالىرى نامىدىن سەدىقە پىترە بېرىشى ۋاجىپدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «روزا تۇتقۇچىنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىگە كاپارەت، مىسكىنلەرگە ياردەم بولۇشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە پىترە بېرىشنى ۋاجىپ قىلدى، كىمكى ئۇنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلسا، ئۇ قوبۇل قىلىنغان سەدىقە پىترىدۇر. ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئادا قىلسا، ئۇ سەدىقىلەردىن بىر

① [ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى]

② [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى]

③ [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى]

④ [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى]

سەدىقىدۇر.»[1]

تاڭ يورۇغانىدىن باشلاپ، كۈن ئولتۇرغىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەرك ئېتىپ قويسىلا روزا تۇتقانلىق بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە روزا ئىبادىتى ئۇنداق يۈزەكى ۋە ئۇنداق ئاسان ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئۇ چوڭقۇر مەزمۇن ۋە كەڭ مەنالارغا ئىگە ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە روزا تۇتقۇچىلارغا كاتتا ئەجىر-ساۋابلار بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان. ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئادەم بالىسىنىڭ روزىدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولۇپ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ روزىسى مەن ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن»[2]

سالىھلارنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: يېمەك-ئىچمەكنى تەرك ئېتىش ئاسان، لېكىن قوبۇل بولىدىغان روزا تۇتماق قىيىن. ئىنساننى تەقۋالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىگەن روزىنى ھەقىقىي روزا دېگىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «كىمكى يالغان سۆزنى، ساختىلىقنى ۋە نادانلىقنى تاشلىمايدىكەن، ئۇنىڭ روزا تۇتۇپ يېمەك-ئىچمەكنى تەرك ئېتىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق»[3].

ئۆلىمالار روزىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنىڭ تەقۋالىقنى يېتىلدۈرۈش، ئەخلاقنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىخلاسنى ساپلاشتۇرۇش، نېمەتنىڭ قەدرى-قىممىتىنى تونۇتۇش، نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى ۋە ئۇنى يېڭىشنى ئۆگىتىش، شەيتاننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش، ئۆزىنى ۋاقىت ۋە نىزاملارغا رىئايە قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش، ئۆزگىرىشنىڭ ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇمكىنلىكىدىن ئۈمىدلەندۈرۈش، ئىرادىنى كۈچەيتىش ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىش، تەننى ساغلاملاشتۇرۇش قاتارلىق سىر-ھېكمەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ھەربىر مۇئمىن-مۇسۇلماننىڭ روزا ئىبادىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، ئۇنى توغرا يوسۇندا ئادا قىلىش ئۈچۈن، روزا ئۇستىدە ئىزدىنىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

روزىنىڭ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا، يۈرۈش-تۇرۇشىدا، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە چوقۇم ئىجابىي تەسىرى بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ جانسىز بەدەنگە ئوخشاش بولۇپ قېلىپ ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

---

[1] [ئىمام ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى]

[2] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى]

[3] [ئىمام بۇخارى رىۋايىتى]

خەلقنىڭ روزىغا بولغان كۆز قارىشى ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئۆزگىرىشى، خەلق روزىغا ئەجدادلاردىن قالغان مىراس ئادىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئاساسلىرىدىن مۇھىم بىر ئاساس ۋە ئۇلۇغ بىر ئىبادەت بولغانلىق سۈپىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

رامىزان كېلىدۇ-كېتىدۇ، لېكىن نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا، ئەخلاقىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا رامىزان چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. بەلكى رامىزان بەزىلەرنى ئاللاھتىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۋېتىدۇ. ئۇلار بولسا، رامىزاننى يامان كۆرىدىغان، مۇئمىنلەرنى ئىماندىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئورۇنىدىغان مۇناپىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مۇسۇلمانلارغا رامىزاندىن ياخشىراق بىر ئاي، مۇناپىقلارغا رامىزاندىن يامانراق بىر ئاي كەلمىدى. چۈنكى بۇ ئايدا مۇئمىنلەر ئىبادەت ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت، مۇناپىقلار غەپلەت ۋە گۇناھ-مەئسىيەت يىغىدۇ، بۇ ئاي مۇئمىن ئۈچۈن غەنىيمەت، مۇناپىق-پاجىرلار ئۈچۈن ئازابتۇر».[①]

رامىزان مۇئمىن-مۇسۇلمانلارنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسىغا، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدىغان كەڭ مەيدان بولۇشى لازىم.

ئۆلىمالار روزا تۇتقۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەدەپ-ئەخلاقلارنى بايان قىلغان بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1-سەۋرچان بولۇش. روزا تۇتقۇچى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، ئاچلىققا، ئۇسسۇزلۇققا، خەلقنىڭ ئەزىيەتلىرىگە ۋە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش يولىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈنى پاسىقلىق ۋە ئەخلاقىسىز سۆزلەرنى قىلمىسۇن. بىراۋ ئۇنى ھاقارەتلىسە ياكى ئۇرۇشسا، مەن روزىدار، دېسۇن».[②]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مانا مۇشۇنداق گۈزەل تەلىماتى تۇرۇقلۇق بەزى ئىنسانلارنىڭ نېرۋىسى چېچىلىپ، غەزىبى ئۆرلىگەندە، باشقىلارغا يولسىزلىق قىلغانلىقىنى، قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگەنلىكىنى، ھەتتا

---

① [ئىمام ئەھمەد، ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى]

② [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

جىدەللىشىپ، مۇشتلىشىپ كەتكەنلىكىنى، غەزىپى بېسىققاندىن كېيىن: روزا تۇتۇپ مۇشۇنداق بولۇپ قاپتىمىز، دەپ گويا روزا ئۇلارنى مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلىشقا چاقىرغاندەك، يولسىزلىقنى روزىغا ئارتىپ قويۇۋاتقانلىقنى كۆرىمىز. ئەگەر ئۇلار روزىنىڭ ھەقىقىتىنى، ئۇنىڭ سەۋرچان، كەچۈرۈمچان، كۆيۈمچان ۋە كەڭ قورساق بولۇشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، روزىغا ھەرگىز بۇ بۆھتاننى چاپلىمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە!

2 ـ كۆيۈمچان بولۇش. روزا تۇتقان كىشى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنۈشى، رەھىم ـ شەپقەت قىلىشى، ئېھتىيادى يارىدەم بېرىشى، ھاجەتلىرىدىن چىقىشى، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىق قىلىشى، ئۇلاردىن يامانلىقنى توسۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار.»[①]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئۇ قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ؛ كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ؛ كىمكى مۇسۇلماننى دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىرىپ قويسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى قىيامەت قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىرىپ قويىدۇ؛ كىمكى مۇسۇلماننى ياپىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنى ياپىدۇ.»[②]

3 ـ شاپائەتچان بولۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (كىشىلەر ئارىسىدا) ياخشى (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى ياخشى ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ؛ كىمكى بىر يامان (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى يامان ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ. ئاللاھ ھەممە ئىشقا قادىردۇر.»[③]

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: بىرەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ھاجىتىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغانلارغا يۈزلىنىپ: بۇ كىشىگە شاپائەت قىلىپ قويۇڭلار ساۋاپ بېرىلىسىلەر، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ياخشى كۆرگەن ئىشنى

① ھەج سۈرىسى 77 ـ ئايەت.

② [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

③ نىسا سۈرىسى 85 ـ ئايەت.

قىلدۇرىدۇ، دەيتتى.[1]

5 ـ سەممىيەتچان بولۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دىن نەسىھەتتۇر، دىن نەسىھەتتۇر، دىن نەسىھەتتۇر (يەنى سەممىي بولۇشتۇر)» دېگەنلىكى، ساھابىلار: يا رەسۇلۇللاھ كىمگە سەممىي بولۇشتۇر؟ دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ: «ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بايان قىلىندۇ.[2]

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نامازنى تولۇق ئادا قىلىش، زاكات بېرىش ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا سەممىي بولۇش شەرتى بىلەن بەيئەت قىلدىم.[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار دىنىي قېرىندىشىغا ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ.»[4]

بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ جۇملىسىدىن ئۇنىڭغا سەممىي بولۇش؛ ئۇنى ياخشىلىققا، نىجاتلىققا چاقىرىش؛ ئازغۇنلۇق يوللىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مۇئمىنلار ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ مۇھەببەت كۆرسىتىشتە، بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈشتە خۇددى بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ، ئەگەر بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا، قالغان ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئىسسىقداش بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.»[5]

4 ـ ياراشتۇرغۇچى بولۇش. بۇ، كۆپلىگەن ئىنسانلار غاپىل بولۇپ كېلىۋاتقان ياخشىلىق ئىشلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز.»[6] «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە

---

[1] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]
[2] [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].
[3] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]
[4] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]
[5] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]
[6] نىسا سۈرىسى 114 ـ ئايەت.

ئېرىشىشڭلار ئۈچۈن، ئاللاھدىن قورقۇڭلار.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ بارلىق بۇغۇملىرىغا سەدىقە واجىپ بولىدۇ، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويىشىڭىز سەدىقىدۇر، بىر ئادەمنى يۆلەپ ئۇلىغىنىڭ ئۈستىگە مىندۇرۇپ قويىشىڭىز ياكى ئۇلىغىنىڭ ئۈستىگە يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ ئارتىشىپ بېرىشىڭىز سەدىقىدۇر، ياخشى سۆز سەدىقىدۇر، ناماز ئۈچۈن باسقان ھەر بىر قەدىمىڭىز سەدىقىدۇر، يولدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلىشىڭىز سەدىقىدۇر.»[2]

6 ـ ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىدىغان بولۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار.»[3] «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.»[4]

رامىزاندا ئېيتارلىق بېرىش ۋە تارقىتىش، قۇرئان كەرىم كۇرسى ئېچىش، دەۋەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، دىنىي مەزمۇنلاردىكى ئۈن ـ سىن لىنتىلىرىنى، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى كىتاب ـ ژۇرناللارنى تارقىتىش، يېتىم ـ يېسىر، نامراتلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاپەتكە يولۇققانلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن ياخشى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، روزا تۇتقان مۇسۇلمانلار بۇنداق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، بۇ مۇبارەك ئايدا چوڭ ساۋاپقا ئېرىشىشكە تىرىشىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ «كىمكى ئاللاھ يولىدىكى بىر غازىنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلىپ بەرسە، چوقۇمكى غازات قىلغان بولىدۇ، كىمكى غازىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، چوقۇمكى غازات قىلغان بولىدۇ».[5]

رامىزان نەسىھەت قىلىش، تەربىيىلەش، ھەقنى چۈشەندۈرۈش، خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. چۈنكى بۇ ئايدا دىللار رەببىگە يۈزلىنىدۇ، نەپسلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىنى قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلايدۇ، جىن ـ شەيتانلار باغلىنىدۇ. شۇڭا ياخشىلىقنى سۆيىدىغان مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ

[1] ھۆجرات سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
[2] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]
[3] مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەت.
[4] ئەسر سۈرىسى.
[5] [ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم سەھىھلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

ئىماملار، ئوقۇغۇچىلار، دەۋەتچىلەر بۇ مۇبارەك، ئۇلۇغ ئايدا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلىشى لازىم.

7 ـ ئامانەت ۋە مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان بولۇش. روزا ئاسمان ـ زېمىنلار ۋە تاغلار ئۈستىگە ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەندىن كېيىن، ئىنسان ئۈستىگە ئالغان ئامانەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، بىز (پەرزلەر ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىدىن ئىبارەت) ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى...}.[1]

كۆن ئولتۇرۇشتىن بىر قانچە مىنۇت بۇرۇن ئېغىز ئېچىۋىتىپ، بۇ ئۇلۇغ ئاينىڭ ئامانىتىگە سەل قارىغۇچى ئۇچۇن قاتتىق تەھدىت بايان قىلىنىدۇ. ئەبۇ ئۇمامە ئەلباھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مەن ئۇخلاۋاتاتتىم، يېنىمغا ئىككى ئادەم كېلىپ، بىلىكىمدىن تۇتۇپ، مېنى ئېگىز ـ پەس بىر تاغنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ: بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىققىن، دېدى. مەن: بۇ تاغقا چىقالمايمەن، دېدىم. ئۇلار: بىز ياردەملىشىمىز، دېدى. مەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قاراڭغۇ بىر يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت ناھايىتى قاتتىق چۇقانلارنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇلاردىن: بۇ نېمە ئاۋازلار، دەپ سورىدىم. ئۇلار: بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ چۇقانلىرىدۇر، دېدى. ئاندىن يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم، ئۇشتۇمتۇت يېرىلغان جاۋغايلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرغان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدىم. مەن ئۇلاردىن: بۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدىم. ئۇلار: بۇ ئادەملەر كۆن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئېغىز ئاچقانلاردۇر، دېدى».[2]

روزىغا سەل قاراپ، كۆن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېغىز ئېچىۋەتكەنلەر ھەققىدە بۇ قەدەر قاتتىق تەھدىت بايان قىلىنغان يەردە، پۈتۈن بىر كۆن، پۈتۈن بىر ئاي روزا تۇتمىغانلارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار؟! روزا تۇتقانلارنى مازاق قىلغانلارنىڭ ئەھۋالىچۇ؟!

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، روزىنىڭ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە چوقۇم ئىجابىي تەسىرى بولۇشى لازىم.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى 72 ـ ئايەت.

[2] [سەھىھۇتتەرغىب ۋەتتەرھىب]




ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئەزىز ۋە ئەڭ شەرەپلىك دىنىنىڭ مەنسۇبلىرى بولغان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بولماقتا. ئىچكىي ئۇرۇش، بومباردىمان قىلىنىش، خىمىيەۋى قوراللار بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش، ئېزىلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىنىش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك خورلىنىشلارغا دۇچار بولماقتا. كۆرۈنۈشتە مۇستەقىل ھېساپلىنىدىغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىمۇ، ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ ئورنىغا جاھانگىر كۈچلەردىن قورقۇپ ئۆز ئالدىغا بىر ئېغىز سۆز قىلالمايدىغان ھالدا جان بېقىۋاتماقتا. بۇ ئەھۋال قاچانغىچە داۋام قىلىدۇ؟ بۇ ئۈممەت قاچان قەد كۆتۈرۈپ لايىق بولغان ئىززەت ۋە شەرىپىگە ئىگە بولىدۇ؟ ياكى بۇ بىزنىڭ ئۆزگەرتكىلى، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، پېشانىمىزگە يېزىلىپ كەتكەن تەقدىرىمىزمۇ؟ بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. بەدىنىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرى ئاغرىغان ئادەم، ئاغرىقنى پەسەيتىش، كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن چارە ئىزدەيدۇ؛ ئەڭ ئۇستا دوختۇرنى سۈرۈشتە قىلىپ تېپىپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ داۋالىنىدۇ. ئۈممىتىمىزنىڭ بېشىدىكى بالا-مۇسىيبەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئەزىز، ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە دۇنيادا گېپى ئۆتىدىغان ھالەتكە كېلىشى، بەدىنىنى چىرمىۋالغان، ئەقىل-ھوشىنى ئىشغال قىلىۋالغان كېسەللىرىنى داۋالاپ ساقايتىشىغا باغلىق. ئۈممەت ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان دورىلارنى ئاچچىق بولسىمۇ چىداپ تۇرۇپ توغرا ئىستېمال قىلىشى كېرەك. بولمىسا دوختۇر يېزىپ بەرگەن دورىنى، كۆرسىتىپ بەرگەن بەلگىلىمە بويىچە ئىستېمال قىلمىغان كېسەل

ساقايمىغاندەك، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى داۋالاپ ساقايتمىغان ئۇممەتمۇ بىلنى رۇسلاپ، ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى، ئۆزىنى تۈزەتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەسلىكتۇر. ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾ «بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.»① يەنى ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ يارەمگە لايىق بولمىغىچە ئاللاھ تائالا ياردەم قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە ئۇممىتىمىزنىڭ دەردىگە ئازراق بولسىمۇ دەرمان بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دېگەن ئۈمىد بىلەن، ئۇممەتتە ساقلىنىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ بىلىنى ئېگىۋاتقان كېسەللىرىگە شىپالىق بولىدىغان بىر نەچچە تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن:

## 1. ئاغرىق ھېس قىلىپ چارە ئىزدەش:

ئاغرىقنى داۋالاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كېسەلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىش كېرەك. بولمىسا توغرا دورا بەرگىلى، ئىللەتنى يوقاتقىلى ۋە كېسەلنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭدىن بىرى ئۇممەتنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، كېسەلنى ئانالىز قىلسام، مىللىتىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئاغرىق ھېس قىلمايدىكەن. بېشىدىكى بالا-مۇسىبەتكە رازى بولغاندەك، «سەنگەن ناننى يەپ» جىم يېتىۋېرىدىكەن. مېنىڭ ئىشىمغا دەخلە يەتمىسە، مائاشىم توختاپ قالمىسا، ئۆيۈمدە خاتىرجەم ئۇخلىيالىسام، باشقا ئىشلار بىلەن نېمە كارىم دەپ بىخۇدلارچە ياشايدىكەن. ۋەتەن، مىللەت دېگەن نەرسە مېڭىسىگە كىرىپمۇ باقمايدىكەن. ئەھۋال مۇنداق كېتىۋەرسە مىللەت مۇنقەرىز بولۇپ تۈگەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ھاياتنى داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن ئاغرىق ھېس قىلىدىغان خۇسۇسىيەت بەرگەن. بەدەننىڭ قايسى بىر يېرىدە بىر چاتاق چىقسا دەرھال ئاغرىپ، پۈتۈن بەدەن ئىسمىداپ بىئارام بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرغا بېرىپ چاتاق قەيەردە بولسا ئۇنى داۋالاپ، بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان گەپ. ئەگەر ئاغرىق ھېس قىلماي، چاتاق چىققان يەرنى داۋالاتماي يۈرىۋەرسە، كېسەل پۈتكۈل بەدەنگە تارقاپ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئاغرىق ھېس قىلىشنىڭ ئۆزى چوڭ نېمەت. مىللەتمۇ بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. بۇنى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق بايان قىلغان: «مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى سۆيۈش، بىر-بىرىگە مەرھەمەت قىلىش ۋە بىر-بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا بىر

①سۈرە رەئد: 11- ئايەت.

بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەننىڭ قايسىبىر ئەزاسى ئاغرىسا قالغان بارلىق ئەزالار ئىسىمداش ۋە ئۇيقۇسىزلۇق بىلەن ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدۇ.»[①] بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بىر مۇسۇلماننىڭ بېشىغا بىر مۇسىيبەت كەلسە، بۈتۈن مۇسۇلمانلار بىئارام بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇنى بېشىغا كەلگەن خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرغاندا، ئاندىن ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان ھەقىقىي مۆئمىن بولالايدۇ.

شۇڭا ھەربىر مۆئمىن ـ مۇسۇلمان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دەردى بىلەن دەرتلىنىشى، ئۇنىڭ ئاغرىقىنى يۈرىكىمىزدە ھېس قىلىپ بىئارام بولۇشى ۋە بۇ دەرتكە دەرمان تېپىشقا تىرىشىشى لازىم. بولمىسا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ ـ دە، نە بۇ دۇنيادا نە ئۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## 2. ئاڭلىق بولۇش.

مىللىتىمىزنىڭ كېسەللىرىدىن بىرى ئاڭسىزلىق، ئالدى بىلەن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەسلىك، ئاساسلىق مەسىلە بىلەن شاخچە مەسىلىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالماسلىق، شەخسىي مەنپەئەتنى، ئومۇمنىڭ ۋە ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىشتۇر. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، باشقا كۆزقاراشتا بولغانلارنى ياراتمايدىغان، يامان كۆرىدىغان، ھەتتا كاپىرغا ئوخشاش كۆرىدىغان ئەھۋاللار مەيدانغا كەلمەكتە. ئايەت ـ ھەدىسلەرنى چۈشىنىشتىمۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا مۇتەسسىپلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىق، بىر مەسىلىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، يەنە بىر مەسىلىگە سەل قاراش، ئىسلامنى كەڭ دائىرىدە چۈشەنمەسلىك ئىشلىرى مەۋجۇت. ئالىم كۆپ، ئىلىم ئاز، ئىسىم چوڭ، سەۋىيە تۆۋەن، گەپ جىق ئەمەل يوق بولۇپ قالماقتا. مەسىلىلەرگە ئاڭلىق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيمىز. قۇرئان ـ ھەدىسنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلىق چۈشىنەلمەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ تار ۋە چەكلىك كۆزقارىشىمىز ياكى شەيخىمىزنىڭ قارىشىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەچكە، قىلىۋاتقان ئىشىمىز ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مىللىتىمىزگە پايدىلىق بولمايۋاتقانلىقىنى قوبۇل قىلالمايمىز. خاتالىقىمىزغا تەۋبە قىلىپ، ھەرىكەت پىلانىمىزنى تۈزىتىشكە ھەرگىز ئۇنىمايمىز. بېشىمىزدىن ئۆتكەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى توغرا ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىپ، بىر قېتىم بېشىمىزغا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ قايتا

[①] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

كەلمەسكى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى يەكۈنلىيەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالغا باسالمايمىز، تەرەققىي قىلالمايمىز. ئېڭىمىز ئازاد بولمىغاچقا، قۇللۇقتىن قۇتۇلالمايمىز. ھالبۇكى يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە: «مۇئمىن بىر قېتىم چايان چېقىلغان تۆشۈكتىن ئىككىنچى قېتىم چېقىلمايدۇ»① دەپ تەلىم بەرگەن.

### 3. ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

ئۈممىتىمىزنىڭ كېسەللىرىدىن يەنە بىرى ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمەسلىكتۇر. ئاغزىمىزدا قېرىنداشلىقنى چۈشۈرمەيمىز-يۇ، ئەمەلىيىتىمىز بۇنى يالغانغا چىقىرىدۇ. ھەقىقىي قېرىنداشلار ھەر ئىشتا بىر-بىرىگە يار-يۆلەك بولىدۇ، قېرىندىشىنىڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى، تەرەققىي قىلغانلىقىنى، شۆھرەت تاپقانلىقىنى كۆرسە خۇشال بولۇپ تەبرىكلەيدۇ؛ ئاللاھ تائالادىن قېرىندىشىنىڭ بۇ ياخشى ھالىتىنى ئوبدان ساقلىشىنى ۋە تېخىمۇ ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. ئەگەر قايسىبىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا بىر خاپىلىق كەلسە، ئۇ خاپىلىق ئۆزىگە كەلگەندەك بىئارام بولىدۇ؛ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ؛ ئۆزى ياردەم قىلالمىسا ياردەم قىلالايدىغانلارنى تاپىدۇ. ئۇنىمۇ قىلالمىسا ئاللاھ تائالادىن ئاشۇ قېرىندىشىنى قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. قېرىندىشىنى ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە يۈز بېرىپ، قېرىنداشلىق بۇزۇلغىلى قويسا، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى، بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. مەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر ئەزاسى دەيدىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار»② دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئىشلىرىنى بۇزسا، يۇقىرىغا چېقىپ زىيانغا ئۇچراتسا، بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ياخشىلىق كۆرۈپ قالسا، چىدىماي ئۇنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنسا، "مەن خاتىرجەم يەپ-ئىچىپ، ئۇخلىسام بولىدۇ، باشقىلارنى دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ نېمە قىلىمەن" دەپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ھېچنىمىنى كۆرمىگەن

①ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

②سۈرە ھۇجۇرات: 10- ئايەت.

بولۇپ يۈرسە بۇ ئىسلامىي قېرىنداشلىق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇ قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى ياردەمسىز قويمايدۇ. كىم بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ قويسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ. كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ»[1] يەنە بىر رىۋايەتتە «بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولغان مۇددەتچە ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ.»[2] دەيدۇ.

بۇ قېرىنداشلىق شەخسلەر سەۋىيەسىدىلا ئەمەس، ئىسلامىي جامائەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۇگۈن پەلەستىن نېمشكە ئازاد بولمايدۇ؟ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسى بىلەن ۋە ھەتتا ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مەنپەئەتىمىزگە دەخلى يېتىپ قالىدۇ، دەپ قورقۇپ، دىنىي قېرىنداشلىرىنى يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئازاد بولمايدۇ. شۇڭا ئىسرائىلىيە نە خەلقئارا قانۇنلارغا نە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارلىرىغا پىسەنت قىلمايدۇ.

كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېرىدۇ. چۈنكى داۋانىڭ ئىگىلىرى بولغان مۇسۇلمانلار تېلېۋىزورغا چىقىپ ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا ئەيىبلەپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ سىڭگەن نانىنى يەپ يېتىۋېرىدۇ.

شۇڭلاشقا پۈتۈن مۇسۇلمانلار، ئىسلامىي جامائەت ۋە تەشكىلاتلار ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ئاغزىدا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە جارىي قىلدۇرۇپ، بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرمىغىچە دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ.

### 4. خالىس نىيەتلىك ياكى ئىخلاسلىق بولۇش.

ئۈممەتنىڭ كېسەللىرىدىن بىرى مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ئۆزىنىڭ نامى چىقمايدىغان ئىشلارنى قوللىماسلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدا نېمە بارلىقىنى، مەقسەت ۋە غايىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بەندە ھەر قانچە نىيىتىنىڭ دۇرۇسلىقىنى، ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى تىلىدىن چۈشۈرمىسىمۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا

[1]ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2]ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئۇنىڭ قەلبىدە نىمىنىڭ بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاشۇ نىيىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە نىيىتى خالىس بولمىغانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئاللاھ سىلەرنىڭ شەكلىڭلەرگە ۋە مېلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ.»① شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتنى قىلىشتا ئاللاھ رازىلىقىدىن باشقا ھېچقانداق پايدا - مەنپەئەت كۆتمەسلىكى ۋە قىلغان ئىش - ھەرىكىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن قىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى شەرىئەت قانۇنى، يەنە بىرى تەبىئەت قانۇنى. قىلغان ئىش - ھەرىكىتىمىز مۇشۇ ئىككى قانۇنىنىڭ قايسىبىرىگە زىت بولسا ياكى نىيىتىمىز، مەقسەت مۇددىئايىمىز، ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىمىز دۇنيالىق مەنپەئەت بولۇپ قالسا، ئاللاھ تائالا بۇنداق ئىش - ھەرىكەتكە نۇسرەت بەرمەيدۇ. بۇنى ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ياخشى ئانالىز قىلساق بىلەلەيمىز.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، قىلغان ئىش - ھەرىكەت ۋە خىزمەتلىرىمىزدىن مەقسىتىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇپ، ئاللاھنى رازى قىلىشتىنلا ئىبارەت بولسا، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پايدا - مەنپەئەت، شۆھرەت، مەنسەپ كۆتمىسەك بۇ ھەقىقىي ئىخلاس ۋە ساپ نىيەت بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەقسەتلەر ئىخلاسنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. مەسىلەن: ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇپ، ھاكىمىيەت كۈچى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دىنىنى ياخشى تەتبىقلاش مەتلۇب بولغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىمىز ھاكىمىيەتكە ئېرىشىش بولسا، نىيىتىمىز دۇرۇس بولمىغان ۋە ئىخلاس قىلمىغان بولىمىز. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك: ئۈچ دانە ئىسلامىي جامائەت، يەنى ئا - جامائەت، ب - جامائەت ۋە ج - جامائەت، - ياكى تەشكىلات دېسەكمۇ بولىدۇ - ئاللاھ يولىدا ھەرىكەت قىلىپ بىر زېمىننى ئازات قىلىشقا ئاتلاندى. بۇ يولدا ھەر جامائەت ياكى تەشكىلات نۇرغۇنلىغان بەدەللەرنى تۆلىدى، ھارماي - تالماي ئىشلىدى. ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مەزكۇر زېمىننى ئازات قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ نىيەتنى ۋە ئىخلاسنى سىنايدىغان ۋاقتى مۇشۇ يەردە باشلايدۇ. ئەگەر ئاشۇ جامائەتلەر ياكى تەشكىلاتلار كىم ھاكىمىيەتكە چىقسا مەن ئۇنى قوللاپ، قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىمەن، مېنىڭ مەقسىتىم ھاكىمىيەتكە چىقىش ئەمەس، پەقەت ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىشتۇر.

① ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مەيلى ھاكىم بولاي ياكى بولماي خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرىمەن دېيەلىسە، ئا ـ جامائەت ھاكىم بولسا، ب ـ جامائەت بىلەن ج ـ جامائەت ئۇنى قوللاپ، توغرا ئىشقا ياردەمچى بولۇپ، خاتا كەتسە چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ، ئىتتىپاقلىق بىلەن خىزمىتىنى يۈرگۈزەلىسە، ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ. ئىشلىرى تېخىمۇ روناق تاپىدۇ، دۆلىتى مۇستەھكەم بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەر دائىم ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھاكىمىيەت مېنىڭ ھەققىم، مەن كۆپ خىزمەت قىلدىم، جېق جاپا تارتتىم، ئەڭ كۆپ بەدەلنى مەن تۆلىدىم، دەپ، بىر ـ بىرى بىلەن ھاكىمىيەت تالاشسا، نىيىتىنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەس ھاكىمىيەتكە ئېرىشىش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ـ دە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ياردىمىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان خىزمەتلىرى بىكار بولۇپ، نە ھاكىمىيەت، نە دۆلەت، نە ھوقۇق ھېچنەرسە قالمايدۇ. ناھەق قان تۆكۈشتىن باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ تەجرىبىنى ئىسلام تارىخى بويىچە كۆپ قېتىم باشتىن كەچۈردۇق. لېكىن ھازىرغىچە تارىختىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىمىزنى ئوڭشىيالمايۋاتىمىز. بۇ ھەققەتتە كۆز يۇمۇپ كېتىۋەرسەك، ئۈممىتىمىز مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ.

## 5. دىنىي ئىلىمگە ئوخشاش پەن ـ تەخنىكا ئىلىمنى ئۆگىنىش.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۆپ سانلىقى بىلىمدە دۇنيانىڭ خېلى بەك ئارقىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. دىنىي ساھەدە ـ مۇكەممەل بولمىسىمۇ ـ ئېھتىياجىدىن چىققۇدەك ئىلىمگە ئېگە دېسەكمۇ، دۇنياۋى پەن ـ تەخنىكا بىلىملىرىدە[1] غەرب دۇنياسىغا قۇل بولۇپ قېلىغلىق. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا قويغان تەبىئەت قانۇنى شۇكى، بۇ دۇنيادا ئەركىن ياشاشنى خالىغان كىشى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. بولمىسا كۈچلۈكلەرنىڭ قولى ئاستىدا ياشاشقا مەھكۇم بولىدۇ. بۇ ئۆزگەرمەس قانۇندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈچلۈك مۇئمىن، ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا سۆيۈملۈكراقتۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق بار. پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىن. ئاللاھقا تايان، ئاجىزلىق قىلما!»[2] دەپ، كۈچلۈك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالامۇ ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «دۈشمەنگە قارشى پۈتۈن كۈچۈڭلار

---

① ئەسلىدە دىنىي ئىلىم، دۇنياۋىي ياكى پەننى بىلىم دەپ ئايرىشنى مەن توغرا تاپمايمەن. چۈنكى ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىلىملارنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئېگە ئىلىملەردۇر. بىزنىڭ بىلىمدە دۇنيانىڭ ئارقىدا قېلىشىمىزغا مۇشۇ ئايرىش سەۋەب بولغان دەپ قارايمەن. بۇ يەردە كۆنىمىزدىكى رېئاللىققا ئاساسەن شۇنداق ئىشلەتتىم.

② ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بىلەن تەييارلىق قىلىڭلار...»[1] دېگەن. كۈچلۈك بولۇش ئىماندا، بىلىمدە، ئىقتىسادتا، سانائەتتە، قورال ياراقتا، ئەدەبىياتتا، تەشۋىقاتتا ۋە باشقا ئىنسانغا كېرەكلىك بولغان پۈتۈن ساھەلەردە كۈچلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى قايسىبىر ساھەدە ئاجىز بولساق شۇ ساھەدە باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالىمىز؛ بۇ بىزنى ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ. بۈگۈن جاھانگىر دۆلەتلەر دۇنيانى بىلىم كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۋاتىدۇ. پۇل ئۇلارنىڭ قولىدا، تەخنىكا ئۇلارنىڭ قولىدا، تەشۋىقات ئۇلارنىڭ قولىدا، كۈچلۈك قوراللار ئۇلارنىڭ قولىدا. شۇڭا ئۇلار دۇنيانى سوراۋاتىدۇ؛ نېمە دېسە گېپى ئۆتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قىلغىنى قىلغان ئەتكىنى ئەتكەن. خالىغان دۆلەتنى يىقىتىدۇ، خالىغان دۆلەتنى قۇرىدۇ. ئىنسانلار ئۇنى دەپ بېقىپ، بۇنى دەپ بېقىپ ئاخىرىدا ئاشۇلارنىڭ دېگىنىگە كېلىدۇ. چۈنكى كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا. مۇسۇلمانلارمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش بىلىمگە، ئاشۇلارغا ئوخشاش ئىقتىدارغا، كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولغاندا، ھېچكىم ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلالمايدۇ؛ ھەق-ھوقۇقىغا چېقىلالمايدۇ؛ دۇنيادا گېپى ئۆتىدىغان بولىدۇ؛ كاپىر دۆلەتلەر مۇسۇلمانلاردىن تەپ تارتىدىغان، مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇسۇلماننىڭ كاپىقى تۈرۈلۈپ قالارمىكى دەپ ئەندىشە قىلىدىغان بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، دۇنيادا ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ھەممىسى كاپىر دۆلەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيا زۇلۇمغا توشۇپ كەتتى. ئەگەر كۈچ ئاللاھتىن قورقىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغاندا، ھەممە يەردە ھۆكۈم ئادالەت سۈرەتتى، زۇلۇم يوقىلاتتى. مەيلى مۇسۇلمان مەيلى بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن ھېچكىم ناھەقچىلىككە ئۇچرىمايتتى. ناھەق قان تۆكۈلمەيتتى. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئەزمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ناھايىتى تىزلىكتە ئەۋلاتلىرىغا ئىمان، ئىبادەت ۋە ھالال-ھارامنى ئۆگەتكەندەك، پەننى بىلىملەرنىمۇ ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئۆگىتىپ، ھەر ساھەدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. ئۆزى ياسىغان سۈنئىي ھەمرا بىلەن ئايغا چىققاندا، ئۆزى ياسىغان ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، تانكىلار ۋە پاراخودلار بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغاندىلا ئاندىن دۇنيادا ئېتىبارى بار، گېپى ئۆتىدىغان بولىدۇ. ئەكسىچە ئاللاھ تائالا بەرگەن يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى سېتىپ يەپ، ئامېرىكىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ، شىۋېتسارىيەنىڭ سائىتىنى تاقاپ، ئەنگلىيەنىڭ رەختىدە كىيىم كىيىپ

[1] سۈرە ئەنفال: 60-ئايەت.

بىخۇدلارچە يۈرىۋەرسە، بۇ ئۇممەت قىيامەتكىچە بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ماددىي ـ مەنىۋى مۇستەملىكىدىن قۇتۇلالمايدۇ. دۇنيادا گېپى ئۆتمەيدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىسا ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىمايدۇ. ناھەقچىلىكتىن پەرياد قىلسا، ئۇنىڭ نالىسىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. ھازىر ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، كۈچلۈك بولۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغان ۋاقىت. بۇ جىھاد بىلىم جىھادى؛ بۇ جىھاد تەخنىكا جىھادى. ئەگەر مۇشۇ جىھادنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئادا قىلالىساق، بېشىمىزدىكى پۈتۈن بۇ زۇلۇم ۋە خورلۇقلاردىن قۇتۇلالايمىز.

### 6. دىنىي، مىللىي، ۋەتەنىي مەنپەئەتنى شەخسىي ۋە جامائەت مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇتۇش. لازىم بولغاندا جامائەت ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى دىنىي، مىللىي ۋە ۋەتەنىي مەنپەئەت ئۈچۈن پىدا قىلىش.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قەد كۆتۈرەلىشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى ئۈممەتنىڭ، دىنىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن بىرىنچى ئورۇندا قويۇش ۋە ئۇنىڭغا دەخلە يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقتۇر. شەخسلەر، جامائەتلەر ۋە تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ، ۋەتەنگە، ئۇممەتكە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى جامائەت ياكى تەشكىلاتنىڭ تارتقان زىيانلىرىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ۋەتەن قولدىن كەتسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىن، كۆپىنچە مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئۇ چاغدا جامائەتمۇ، تەشكىلاتمۇ ھەممىسى زىيان تارتىدۇ، كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىنىڭ قولىدا بولۇشى ۋە ئۈممەتنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىدىن چوڭ نېمەت يوق. بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي كەتكۈزۈپ قويغان مىللەتلەر قانچىلىك خورلىنىۋاتىدۇ؟ زۇلۇم ئاستىدا قانداق ئېزىلىۋاتىدۇ؟ ھەممىگە مەلۇم. شۇڭا ئاللاھ تائالا مەككىنىڭ مۇشرىكلىرىغا ۋەتەن ۋە ئامانلىق نېمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا جَعَلْنَا حَرَمًا آمِنًا وَيُتَخَطَّفُ النَّاسُ مِنْ حَوْلِهِمْ أَفَبِالْبَاطِلِ يُؤْمِنُونَ وَبِنِعْمَةِ اللَّهِ يَكْفُرُونَ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى (مەككىنى) ئامان جاي قىلدۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟»[①] بۇ ئايەتى كەرىمە بىزگە ۋەتەن ۋە ئامانلىق نېمىتىنىڭ ھېچنەرسىگە تېگىشكىلى بولمايدىغان كاتتا نېمەت ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلىش كېرەكلىكىنى

① سۈرە ئەنكەبۇت: 67 ـ ئايەت.

بىلدۈرىدۇ. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ـ ئۇ نېمەتنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى قوغداش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە تۇزكورلۇق قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ نېمەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

## 7. ئاكتىپ بولۇش.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى پاسسىپ، تىرىكتاپ، تەييارخور بولۇپ قالغان. ئىسلام دىنىدا بۇنداق "بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن" دەپ، ئولتۇرۇشقا يول يوق. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدىن ۋاقتىنىڭ سىرتىدا مەسجىدتە ئولتۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ: "سىلەر نېمە ئادەملەر؟" دەپ سورىغان. ئۇلار: "بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز" دەپ جاۋاپ بەرگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىرىپ ئىشلەڭلار، بۇ يەردە ئولتۇرساڭلار ئاسمان سىلەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ياغدۇرۇپ بەرمەيدۇ" دەپ، ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۆلەت ئىشلىرىدىن بىكار بولسا، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقا بۇيرۇغان: ﴿فَإِذَا فَرَغْتَ فَانْصَبْ﴾ «ئى پەيغەمبەر! دەۋەتتىن بوشىغان چېغىڭدا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن»[1] ئاللاھ تائالا ھەممە دەم ئالىدىغان جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن مۇئمىنلەرنى نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تارقىلىپ رىزقى ئۈچۈن ئىشلەشكە بۇيرۇغان: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ﴾ «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار. مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.»[2] تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى بىلىم ئادەملىرى: "دەم ئېلىش ـ ئىشنى تاشلاپ بىكار ئولتۇرۇش ئەمەس، بىر ئىشتىن چارچىغاندا باشقا بىر ئىشقا يۆتكىلىشتۇر" دەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئاكتىپ، ھەرىكەتچان، تىرىشچان بولۇشى، دىنغا، ئۇممىتىگە ۋە ۋەتىنىگە پايدىلىق ئىشلارنى ئىزدەپ تېپىپ قىلىشى، يېڭىلىقلار يارىتىشى، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنۇشى كېرەك. تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئېرىشكىنىگە قانائەت قىلىپ قالسا، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ. چۈنكى زامان ساقلاپ تۇرمايدۇ، زامانغا قاراپ تەرەققىياتمۇ توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ زامانغا ماس ھالدا ئىلگىرىلىشى، بىر ئىزدا توختاپ قالماسلىقى، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا ئەمەس ئالدىدا مېڭىشى لازىم. ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغان مۇئمىنلەر ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان مۇئمىنلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلارنى ھەر ۋاقىت ئاكتىپ بولۇشقا، ياخشى ئىشلاردا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ

---

[1] سۈرە ئىنشىراھ 7 ـ ئايەت.

[2] سۈرە جۇمئە: 10 ـ ئايەت.

قىلىشقا بۇيرۇيدۇ: ﴿وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ﴾ «مۇئمىنلەر مۇشۇنىڭدا بەسلەششۇن...»[1] ﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ. أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ﴾ «ئالدىدا ماڭغۇچىلار ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغۇچىلاردۇر.»[2]

## 8- پىداكار بولۇش.

بىزدە «قولنى كەسمىگىچە قان چىقمايدۇ» دەيدىغان ماقال بار. قۇربان بەرمىگىچە مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئۈممەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، دىنىمىزنىڭ پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن بولۇشى، مەنسۇپلىرىنىڭ پىداكارلىقى، قۇربان بېرىشى بىلەن بولىدۇ. مانا بۇ جىھادنىڭ ئۇقۇمى. مۇئمىن-مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىر داۋاسى ۋە بىر دەردى بولۇشى كېرەك. مۇسۇلماننىڭ داۋاسى-قانداق قىلىپ ئاللاھنىڭ بۇ ئۇلۇغ دىنىنى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ۋە بۇ دىننى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش. دەردى-ئۆزى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش، باشقا مۇسۇلمان قېرىندىشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا كۆرە دۇنيادا داۋاسى ۋە دەردى بولمىغان بىرمۇ مۇسۇلمان يوقتۇر. داۋاسى بولغان ئادەم، داۋاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئىشلەشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىدۇ. ئۇنى بىرسى ھەيدىمىسىمۇ داۋاسى ئۇنى جىم ئولتۇرغۇزمايدۇ. دەردى بار ئادەم دەرمان تېپىشقا تىرىشىدۇ. دېمەك ھەر بىر مۇسۇلمان داۋاسىنى تونۇسا، دەردىنى ھېس قىلسا، بۇ داۋا ۋە دەرت ئۇنى بىئارام قىلسا، دەردىگە دەرمان تېپىشقا تىرىشسا، نە ئۈممەت، نە ئىسلام دىيارلىرى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا قالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان كۈچىنى، ۋاقتىنى، مېلىنى، جېنىنى داۋاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە دەردىگە دەرمان تېپىش يولىدا پىدا قىلالىشى كېرەك. ئاللاھنىڭ بەرگىنىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلالمىغان ئۈممەتكە نۇسرەت كەلمەيدۇ.

## 9- ئاللاھنىڭ ھامان بىر كۈنى نۇسرەت بېرىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق ۋە ئۈمىدسىزلەنمەسلىك.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ۋە غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىر نەچچە يەردە ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئاللاھ قەتئىي ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ غەلىبىسىگە لايىق بولۇش ئۈچۈن پەقەتلا مۇئمىن بولۇش يەتمەيدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاللاھنىڭ شەرىئەت ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش، پىلان ۋە تاكتىكا بىلەن ھەرىكەت قىلىش، نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمەسلىك، ھارماي-تالماي ئىشلەش، پات-پات ئۆزىنى تەكشۈرۈپ،

[1] سۈرە مۇتەففىفىن: 26- ئايەت.

[2] سۈرە ۋاقىئە: 10-11- ئايەتلەر.

كۆرۈلگەن كەمچىلىكلەر بولسا، تولۇقلاش، خاتالىقلار بولسا، تۈزىتىپ تۇرۇش كېرەك. قىلغان ئىشتىن ئەكسى نەتىجە چىقىدىغان بولسا، پىلان ـ تاكتىكىدا ئۆزگەرتىش پەيدا قىلىش، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، زېرىكمەسلىك، سۇسلىشىپ قالماسلىق، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەسلىك، قولدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىشلەش لازىم. مانا مۇشۇنداق چىن ئىمان، ھەققىي ئىخلاس بىلەن بوشاشماستىن ئىشلىسە، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى، نۇسرىتى ۋە غەلىبىسى چوقۇم بىر كۈنى كېلىدۇ. بىز ئالدىرىغان بىلەن ئاللاھ تائالا ئالدىرىمايدۇ. ئاللاھنىڭ تەبىئەتكە قويغان قانۇنى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ قانۇن مۇسۇلمان ـ كاپىر ھەممىگە ئوخشاش ئىشلەيدۇ. كىم بۇ قانۇنلارغا ئەمەل قىلسا، پايدا تاپىدۇ. كىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا جازاسىنى تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر مۇئمىن ئۈچۈن يا بىر پەيغەمبەر ئۈچۈن تەبىئەت قانۇننى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئوقچىلار خىلاپلىق قىلدى، غەلىبە قىلىپ بولغان ئۇرۇش مەغلۇبىيەتكە ئايلاندى. مۇئمىنلەر ھەق ئۈستىدە تۇرۇقلۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇقلۇق ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بەرمىدى. خىلاپلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسىنى ئېغىر تېتىتتى. ھەزرىتى ھەمزە ۋە مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشاش نۇرغۇن ساھابىلار شېھىد قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك يۈزىگە ئوق تېگىپ قاناپ كەتتى، چىشلىرى سۇندى، ئوقنىڭ زەربىسىدىن بىر چۇقۇرغا يىقىلىپ چۈشتى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ تەرسالىق قىلىپ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا خاپا بولۇپ، ۋەزىپىسىنى تاشلاپ كېتىپتى، دېڭىزغا تاشلاندى، بېلىق يۇتۇپ كەتتى. تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتمىغان بولسا، قىيامەتكىچە بېلىقنىڭ قورسىقىدا قالاتتى، دەيدۇ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە. قەتئىي بوشاڭلىق قىلىشقا، ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنچ قىلغان ھالدا ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرۇساق، چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىمىز. ئاللاھ خالىغان ۋاقىت كەلگەندە غەلىبە كېلىدۇ. لېكىن شۇنىڭغىچە ھارماي ـ تالماي، بوشاشماي، سەۋرچانلىق بىلەن توختاۋسىز ئىشلەش كېرەك.

## 10 ـ ئادالەتنى بەرپا قىلىش.

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ باش كۆتۈرەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى مۇسۇلمان جەمئىيەتلەردە ئادالەت ۋە مەرھەمەتنىڭ يوقلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى يەر يۈزىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. بۇ دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى ئادالەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئادالەتسىزلىكنى

چىقىش يولى قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بېرىدۇ؟ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىك، ھەق-ھوقۇق ئىگىسىنىڭ يوقلىقى يۇقىرى سەۋىيەدە تۇرسا، ھەر كىم قايسى يول بىلەن، قانداق قىلسا قىلىپ ئېلىۋېلىشىنىڭ كويىدا بولسا، مەن بۇنى ئېلىۋالسام باشقىلار قانداق قىلار دەپ ئويلىمىسا، ئۇنداق جەمئىيەتتە قېرىنداشلىق، مېھىر-شەپقەت بولمايدۇ. بىر-بىرىگە رەھىم قىلمىغانلارغا ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم رەھىم-شەپقەت قىلمايدىكەن، ئۇ رەھىم قىلىنمايدۇ»[1] دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزى بىلەن بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان. ئىمام ئىبنى تەيمىيە: «ئاللاھ ئادالەتلىك بولمىغان دۆلەتنى مۇسۇلمان بولسىمۇ ياشاتمايدۇ، ئادالەتلىك بولغان دۆلەتنى كاپىر بولسىمۇ ياشىتىدۇ» دېگەن. زامانىمىزدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنى سېلىشتۇرساق ئىبنى تەيمىيەنىڭ سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ ياۋرۇپاغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئادالەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ جەسىدى بىزدە، روھى غەربتە ئىكەن، دېگەن ئىكەن. دېمەك، ئۇممەتنىڭ ئەزىز ۋە ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن ئادالەتلىك بولۇش كېرەك ئىكەن.

[1]ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## 11- ئىسلامنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىش.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئېغىر كېسەللىرىدىن بىرى، ئىسلام ئەخلاقىغا سەل قاراش، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئىبادەت دەپ بىلمەسلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە ناماز، روزىغا ئوخشاش چوڭ ئىبادەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى ئەخلاقنى ياخشىلاش دەپ كۆرسىتىدۇ: ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾ «ناماز سەت قىلىقلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.»[2] ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ ... لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئاللاھتىن (قورقۇپ يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشىڭلار) ئۈچۈن، سىلەرگە روزا پەرز قىلىندى.»[3] بۇنىڭغا ئاساسەن بەندىنىڭ كۈنلۈك قىلىدىغان ئىبادەتلىرى ئىسلامدا بۇيرۇلغان گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بىرەر ۋاستىلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ماختىغان: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاق ئۈستىدەسەن.»[4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىنىڭ غايىسىنىمۇ گۈزەل ئەخلاقنى تولۇقلاپ، پەزىلەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقنى تولۇقلاش

[2]سۈرە ئەنكەبۇت: 45- ئايەت.
[3]سۈرە بەقەرە: 183- ئايەت.
[4]سۈرە نۇن: 4- ئايەت.

ئۆچۈن ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن. يەنە «قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر»[2] دېگەن. ئىسلام شائىرى ئەھمەد شەۋقى: «ئۈممەتلەر ئەخلاق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، ئەخلاق كەتسە ئۈممەتمۇ كېتىدۇ» دېگەن. ئەخلاقى چىرىكلەشكەن، ئىبادىتى ئەخلاقىنى تۈزەشكە يارىمىغان ئۈممەت بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمىگىمۇ ھەقلىق بولالمايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈگەتكەن ئەخلاق پرىنسىپلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، مۇسۇلماننى مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەرقنى گۈزەل ئەخلاقىمىز بىلەن نامايان قىلىشىمىز كېرەك. بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار تىجارەت ۋە باشقا ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىكى گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاسىيادا ۋە ئافرىقىدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەب بولغان. دېمەك، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق باشقىلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى چىرىكلىكى، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىسلامنى يامان كۆرۈشىگە ۋە ئىسلامدىن يىراقلىشىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ دۇنيادا بېشىنى كۆتۈرەلمەي، كاپىرلارنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا ئىزىلگەنلىكى يەتمەي، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشىگە توسالغۇ بولغانلىق گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىدىغان گەپ.

## 12 ـ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پۇختا قىلىش، كېسەلمىلىك قىلماسلىق.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ باش كۆتۈرەلمەسلىكىگە سەۋەب بولۇۋاتقان كېسەللەردىن بىرى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، كۆزبويامچىلىق، ئەتىدىكى دۇمبىدىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى دەپ، كەلگۈسىنى ئويلىماسلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەردۇر. ھۈنەرۋەنلەر ئىشنى پۇختا قىلماي، قولىدىن چىقىشىغا قىلىدۇ. رېمونتچىلار قېشىغا كەلگەن ئادەمنى ئالداپ، كىچىككىنە ئىشقا نەچچە ھەسسىلەپ پۇل ئالىدۇ. سودىگەرلەر ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىر بىلەن خېرىدارلارنى ئالداپ مال ساتىدۇ. يەنە بىر سودىگەر قېرىندىشىنىڭ بازىرىنى كاسات قىلىش ئۈچۈن، مالنىڭ باھاسىنى قالايمىقان چۈشۈرۈپ ساتىدۇ. ئىشچىلار ئىشنى ياخشى قىلماي، ھەق ئالىدۇ. خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەتنى ئالداپ مائاش ئالىدۇ. ئىش قىلىپ مۇسۇلمانلار

[1] ئالبانى سەھىھ ھەدىس دېگەن.
[2] ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.

جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك بولۇۋاتقان يولسىزلىقلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەن پايدا تېپىۋالدىم، دەپ ئويلايدۇ-يۇ، باشقىلارغا پايدا بەرمىگەن ئىشتىن ئالغان پايدا ئۆزىگىمۇ ئەسقاتمايدۇ. بىزدە «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ» دەيدىغان تەمسىل بار. يەنى بۇنداق يالغانچى، ئالدامچىلار بىلەن بىر قېتىم مۇئامىلە قىلغان كىشى ئىككىنچى قېتىم ئۇلاردىن بىر نەرسە سېتىپ ئالمايدۇ، ئىش قىلدۇرمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ تائالا مۇنداقلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىسىدا، كاپىرلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ياشاشقا مەھكۇم بولىدۇ. يەنە بىر يامان ئىللەت، ھېچكىم ئۆز ۋەزىپىسىنى قېتىرقىنىپ، ياخشى قىلىشقا تىرىشمايدۇ. ئەكسىچە ھەر دائىم قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولىدۇ؛ كېسەلمىلىك قىلىپ ئىشنى چالا قىلىدۇ. نېمىشقا مۇنداق قىلىدىڭىز دەپ سورىسا، پالانى ئاشۇنداق قىلىدىكەن، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم، ياكى نېمىشكە پالانى ئۇنداق قىلسا، مەن مۇنداق قىلىدىكەنمەن، دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ پالانىمۇ بۇ پالانىنىڭ قىلغان ئىشىنى دەلىل كۆرسىتىپ ئۆزىنى ھەقلىق چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش ئاقمايدۇ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلمايدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار، ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىڭ ئاشكارا-يوشۇرۇن بارلىق ئىشىمىزنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن ئىش قىلىشىمىز كېرەك. ئاغزىمىزنىڭ ئۇچىدا ئىشىنىمەن دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ كۆرمەيدىغاندەك ئىش قىلساق، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا خار قىلىش، ئاخىرەتتە دوزاخقا تاشلاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان ئىشىمىزنى پۇختا قىلىشىمىز، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلغاندىن سىرت، ئۈممەتنىڭ پايدىسىغا بولىدىغان قانداقلا بىر ئىشنى باشقىلارغا سەپە سالماي قىلىۋېتىشىمىز كېرەك. قىلغان ئەجرىمىزگە لايىق ھەق ئالالمىغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدامچىلىق بىلەن پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلىپ، مۇكاپاتنى ئاللاھتىن كۈتسەك، ئاللاھ تائالا ھەرگىز قىلغان ئىشىمىزنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ۋاقىتلىق پايدىنى دەپ، يالغان ئېيتماسلىق، باشقىلارنى ئالدىماسلىق لازىم. چۈنكى ئىسلامدا يالغان ئېيتىش، ئالداش، ئىشنى پۇختا قىلماسلىق ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنى ئالدىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس»

دېگەن.[①] يەنە بىر ھەدىستە: «راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ. ياخشىلىق جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. كىشى داۋاملىق راستچىل بولسا ۋە راستچىل بولۇشقا تىرىشسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىقتىن ھەزەر ئەيلەڭلار! چۈنكى يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ. كىشى داۋاملىق يالغانچىلىق قىلسا ۋە يالغانچىلىققا ئادەتلەنسە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ» دېگەن.[②] يەنە: «ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك قۇلچىلىق قىل، چۈنكى سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن.[③] بۇ يەردىكى قۇلچىلىقتىن مەقسەت مۇسۇلماندىن سادىر بولىدىغان پۈتكۈل گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتتۇر.

## 13-ئىشەنچلىك بولۇش.

ئىماننىڭ بىر مەنىسى ئىشىنىش بولسا، يەنە بىر مەنىسى ئىشەنچلىك بولۇش دېگەن بولىدۇ. دېمەك، ئىسلامدا ئىشىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئىشىنىپ مۆئمىن بولغان كىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىشەنچلىك بولۇشتۇر. ئەپسۇسكى مۆئمىن-مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىشەنچلىك ئادەم تاپماق تەس بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا كاپىرلارغا سېتىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىتىگە، ۋەتىنىگە ۋە دىنىغا خىيانەت قىلىدىغان، دىنىي-مىللىي غۇرۇرى يوق، ۋىجدانسىز، قورقۇنچاق، شەيتانلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى، كاپىرلار ئۇ مۇناپىق، خائىنلارنى ئىشقا سېلىپ، مۇسۇلمانلارنى نەپەس ئالدۇرمايدىغان بولدى. قەيەردە بىر ئىش بولسا، دەرھال دۈشمەنلەرگە چاقىدۇ. ھەرەمدە ئولتۇرۇپ ھەج-ئۆمرىگە كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشنى سۈرەتكە تارتىپ، خوجايىنلىرىغا يوللاپ بېرىدۇ. بۇ قورقۇنچاق خائىنلار بۇ ئىشلارنى يا پۇل ئۈچۈن قىلىدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنىڭ زىيانىغا ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقۇپ قىلىدۇ ياكى بولمىسا ھەقىقەتەن رەزىل، پەسكەش، ئادىمىيلىكتىن چىققانلىقى ئۈچۈن قىلىدۇ. قايسىبىر سەۋەپتىن قىلسۇن، ئۇنىڭ ئالغان پۇلى ئۇنىڭغا ھەرگىز مەنپەئەت قىلمايدۇ، قورقىنى بېشىغا كېلىدۇ، قىيامەت كۈنى ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدا، ئەڭ قاتتىق ئازاپ بىلەن ئازاپلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا﴾ «خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.»[④] ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى خائىنلارنى خەلقى

---

[①] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[②] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[③] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[④] سۈرە نىسا: 107. ئايەت.

ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ھەربىر خائىن ئۈچۈن بىر بايراق تىكىلىدۇ ۋە بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ خىيانىتى دېيىلىدۇ.»[1] بۇنداق خائىنلار كۆپىيىپ كەتكەن ئۈممەتكە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، نۇسرىتى كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈممەت مېلى كەتسىمۇ، جېنى كەتسىمۇ، دىنىنىڭ كېلىچىكى، ئۈممىتىنىڭ سالامىتى ئۈچۈن خائىنلىق قىلماسلىقى، چېقىمچىلىقنى تاشلىشى، ھايات بۇ دۇنيا بىلەن تۈگمەيدىغانلىقنى بىلىشى، ھەقىقىي ھاياتلىق يېرى بولغان ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقنى ئويلاپ، ئىشەنچلىك، راستچىل كىشىلەردىن بولۇشقا تىرىششى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن بىر پۈتۈن ئۈممەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە نۇسرىتىگە لايىق بولالايمىز.

خۇلاسە:

قەدىرلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىم! بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە تاسادىپىي بولۇپ قالمايدۇ. ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق ۋەقە ئالەملەرنىڭ يېگانە ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. بېشىمىزدىكى بالا ـ مۇسىبەتلەرمۇ ئۆزىمىزنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمىزنىڭ تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ دۇنيادا بېكىتكەن قانۇنىيىتى بويىچە كەلگەن. ﴿مَا أَصَابَكَ مِنْ حَسَنَةٍ فَمِنَ اللَّهِ وَمَا أَصَابَكَ مِنْ سَيِّئَةٍ فَمِنْ نَفْسِكَ﴾ «ئەي ئىنسان! ساڭا يەتكەن ياخشىلىق ئاللاھ تەرىپىدىندۇر. ساڭا يەتكەن يامانلىق ئۆز (قىلمىشلىرىڭ) تۈپەيلىدىندۇر.»[2] ﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ ... قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ﴾ «سىلەرگە مۇسىبەت يەتكەندە ... سىلەر بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟ دېدىڭلار. ئېيتقىنكى: ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن بولدى.»[3] بۇ بالا ـ مۇسىبەت، زۇلۇم ۋە ئىشغالىيەتتىن يەنە شۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش بىلەن قۇتۇلىمىز. بۇ قانۇنىيەت خاتالىقلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ، كېسەللىمىزنى داۋالاپ ساقايتىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن جىددىي ئىشلەشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى خورلىققا سېلىۋاتقان، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋاتقان ئامىللارنى ۋە ئۇنى ساقايتىشنىڭ يوللىرىنى ئەقلىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىزاھلاشقا تىرىشتىم. ئاللاھ تائالادىن ئۈممىتىمىزگە توغرا ئاڭ، ھەقىقىي ئىمان، كۈچلۈك ئىرادە بېرىشىنى، بۇ خىسلەتلەرگە ئەمەل قىلىپ، جىددىي ئىشلەپ، نىجاتلىققا ئېرىشىشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمەن.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] سۈرە نىسا: **79** ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئالى ئىمران: **165** ـ ئايەت.




«ۋەقپە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «توختىتىلغان»، «تۇرغۇزۇلغان» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. دىنىي تېرمىنلاردا بىر نەرسىنى ئاللاھ يولىدا ۋەقپە (يەنى بېغىشلانسا) قىلىنسا، ئۇنى سېتىشقا بولمايدۇ. كېيىنكى بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا ئىشلىتىلىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ ئاللاھنىڭ مۈلكىگە ئايلانغان بولىدۇ. ھېچكىمگە مىراس قالمايدۇ. «ۋەقپە» يۇقىرىقى ئۇقۇم بىلەن مۇئەييەن بىر مىللەت، ئايماق، شەخلەرنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ئاممىۋى مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تۆۋەندىكى ئايەتتە: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللا ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

شەيخ مۇھەممەد ئەلى سابۇنى «تەپسىر ۋازىھ مۇيەسسەر» ناملىق تەپسىرىدە بۇ ئايەتنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ پۈتۈن ياخشى ئەمەللەرنىڭ جۇغلانمىسىنى «بىر» (ياخشىلىق) دەپ سۈپەتلىگەن بولۇپ، ئىنسانى جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ياخشىلىقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغىنى، كىچە-كۈندۈز ئۇخلىماي تاپقان بايلىقىڭلاردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشتۇر. ئەشۇ ياخشىلىقلاردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلماي تۇرۇپ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، سىلەر قىلغان بۇ سەدىقىلەر قىيامەتتە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشتۈرىدۇ».

مەزكۇر ئايەت نازىل بولغاندا مەدىنە

[1] ئال ئىمران سۈرىسى:92- ئايەت.

مۇنەۋۋەرەدە ئەبۇ تەلھە ئىسىملىك باي ساھابە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ ‹ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر› دېگەن ئىدىڭ. مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەم «بىيرى ھائ» ناملىق بېغىمدۇر. دەل ئەشۇ باغنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىمەن. بۇنىڭ ساۋابىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۈمىت قىلىمەن. ئى رەسۇلۇللاھ بۇ باغنى ئاللاھ نەگە بۇيرىسا، شۇ يەرگە ئىشلەتكىن» دېدى.

رەسۇلۇللاھ: «ئالدىرىما! ئالدىرىما! بۇ بەك كۆپ پايدا كەلتۈرىدىغان باغ تۇرسا، مېنىڭچە بۇنى ئائىلەڭگە قالدۇرساڭ ياخشى» دېدى. ئەبۇ تەلھە رەسۇلۇللاھنىڭ نەسىھىتىگە ئاساسەن باغنى تۇققانلىرىغا بۆلۈپ بەردى.

مەشھۇر بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئادەم ئۆلسە ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن باشقا بارلىق ئەملى توختايدۇ. 1 ـ باشقىلار پايدىلىنىپ تۇرىدىغان سەدىقە. 2 ـ باشقىلار داۋاملىق پايدىلىنىدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىم. 3 ـ ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان پەرزەنت»①.

ئىسلامدا ئۆي ـ مۈلۈك، ئاپتوموبىل، يول، قۇدۇق، دوختۇرخانا، مەكتەپ، مەدرىسە... دېگەندەك ھەرقانداق نەرسنى ئۇمۇمنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئاتىۋېتىش ئارقىلىق «ۋەقپە» قىلىشقا بولىدۇ.

ۋەقپە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئومۇملۇققا ئىگە ۋەقپە، يەنە بىرى خۇسۇسىيلىققا ئىگە ۋەقپەدۇر. ئومۇملۇققا ئىگە ۋەقپىدىن پايدىلىنىشنىڭ دائىرىسى ۋەقپىنىڭ شەرتىگە باغلىق بولىدۇ. خۇسۇسىيلىققا ئىگە ۋەقپە بولسا شەرتكە ئاساسەن ۋەقپە قىلغۇچىنىڭ بەلگىلىگەن تۇغقانلىرى ياكى بالا ـ چاقىلىرىلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ.

ۋەقپە، ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ئۇمۇملاشقان خەيرلىك ئىشلاردىن بىرسى بولۇپ، ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋەقپىنى «تەككىيە» دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: ئەنجان تەككىيسى، ئاتۇش تەككىيسى، خوتەن تەككىيسى دېگەندەك.

ئۇيغۇرلارغا ئائىت دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدە نۇرغۇن ۋەقپىلەر بار بولۇپ، ئاساسلىقى ئىككى ھەرەم زېمىنىدا. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا ۋەقپىگە قارىتا ئېنىق چۈشەنچە يوق، بار دېگەندىمۇ خاتا چۈشىنىۋالغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

بىزدە ئىككى ھەرەم زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ۋەقپىلەرنىڭ سانلىق ئىستاتىستىكىسى بولمىسىمۇ كۆپىنچىسى مەلۇملۇق ۋەقپىلەردۇر. مەسىلەن ھەممە كىشى بىلىدىغان ياقۇپ بەگ ۋەقپىسى، ئاتۇش تەككىيسى، خوتەن تەككىيسى،

① مۇسلىم 1631

ئاقسۇ تەككىيىسى، كۇچا تەككىيىسى، شايار تەككىيىسى ۋە كېرىيە تەككىيىسى دېگەندەك ھەبىر شەھەرگە ئائىت بىرقانچە ۋەقپىلەر مەۋجۇت. ۋەقپىلەرنىڭ ئاساسلىقى مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھەرلىرىدە بولۇپ، تائىف، جىددە شەھەرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر ۋەقپىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پاكىستاندا خوتەن تەككىسى قەشقەر تەككىسى دەپ ئىككى ۋەقپىمىز بولۇپ، ئۇلارنىمۇ ئەرەبىستاندىكى ھەمشەھەرلەر يىغىش قىلىپ كۆپ ھىممەت بىلەن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋەتەندىن قورۇغلۇق يولى ئارقىلىق ھەجگە چىققان ھاجىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سېتىۋالغان ۋە بىر قانچە يىل ھاجىلار پايدىلانغان بولسىمۇ، ئەمەلدىكتە قانچىلىغان يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قاتمۇ ـ قات سىياسى ۋە دىنى بېسىملار سەۋەبىدىن ھەج يولىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى تۈپەيلى خەلقىمىز پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇر ۋەقپىلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا ھەممە بىردەك بۇ ۋەقپىلەر ئۆز رولىرىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقانلىقى، ۋەقپىلەرگە نازىر بولغان مەسئۇللار تەرىپىدىن سۇيئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەتلەرنى ئاڭلاش ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەمىلىيەتتە بولسا بۇ ۋەقپىلەر راس شۇنداق مەسئۇل بولغانلار تەرىپىدىن سۇيئىستېمال قىلىنىپ كىتىۋاتامدۇ؟ ياكى ھەقىقەت باشقىچىمۇ؟ بۇ ھەقتە مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىككى ھەرەمدە مۇساپىر بولۇپ، ياشاپ كەلگەن بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن كۆزەتكەنلىرىمنى سەممىلىك بىلەن خەلقىم بىلەن ئورتاقلىششنى مۇھىم دەپ قارايمەن.

ۋەقپىلەرگە «نازىر» بولغان مەسئۇللار ئۆزى خالىغانچە ۋەقپىگە ئىگە بولىۋالغان كىشىلەر بولماستىن، مەھكىمە شەرئىينىڭ رەسمىي قارارى بىلەن تەيىنلەنگەن كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىمۇ نازىر بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋەقپىنىڭ ئەسلى ۋەقپى قىلغۇچىسى بولغان خەير سۆيەر كىشىنىڭ ۋەقپە ھۆججىتىدە بەلگىلىگەن شەرتلىرىدىن ھالقىپ كىتەلمەيدۇ.

شەرئىي مەھكىمە ۋەقپە ئىشلىرىدا ۋەقپىنىڭ شەرتىگە خىلاپلىق قىلالمايدۇ. بۇيەردىكى مەسىلە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ساخاۋەتلىك كىشىلەر ۋەقپە قىلغان ۋاقىتتا يېزىپ قالدۇرغان شەرتلەر ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىن شارايىتلىرىغا ماس كەلمىگەنلىكتىن ۋەقپىلەردىن تولۇق پايدىلىنالماسلىقتەك ئەھۋاللار داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئىككى ھەرەمدىكى ئۇيغۇر (تۈركىستان) ۋەقپىلىرى ئالدى 200 يىللىق بولسا، قالغىنى 30 ـ 40 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەينى چاغنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە ئېھتىياجىغا كۆرە ۋەقپە

قىلىنغان ئۆي ياكى زېمىن ئەرزان باھالىق، كۆپ پۇلغا يارىمايدىغان ئاددى جايلار بولغاچقا ۋەقپىنىڭ شەرتلىرىنىمۇ شۇنداق ئاددىيلا يېزىپ قويغان بولىشى مۇمكىن. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بەزى ۋەقپىلەرنىڭ ئورنى ئىككى ھەرەمدە ئەڭ قىممەت باھالىق زېمىنلارغا ئايلىنىپ قالغان. ھازىر قىممىتى (يەرلىك پۇلدا) مىليارتقا يېقىنلىشىپ قالغان ۋەقپىلەرمۇ بار، كېرىمى پەۋقۇلئاددە يوقۇرى بولسىمۇ، چىقىم قىلىدىغان يەر يوق، بار دېيىلسە ۋەقپىنىڭ شەرتىگە توغرا كەلمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ۋەقپىلەردىن خەلقىمىزنىڭ نورمال پايدىلىنالماسلىقىدا بىر قانچە تۈرلۈك ئامىللار بولۇپ، ئاساسلىقى ۋەقپىنىڭ قۇرۇلغان چېغىدا بېكىتىلگەن شەرتى بولسا، ۋەقپىگە مەسئۇل بولغانلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي روھىنىڭ سۇسلىقىدا دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز.

ۋەقپىنىڭ شەرتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا مەن بۇيەردە بەزى ۋەقپىلەرنىڭ شەرتىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى مۇناسىپ كۆردۇم.

ئورنى مەسجىدىلھەرەم دائىرىسىدىن ئاران 30 مېتىر ئەتراپىدا كىلىدىغان «ھەجلە» دېگەن جايدا ھەرەمگە ئەڭ يېقىن ئورۇندا بولۇپ، ھازىرقى جەبەل ئۆمەر (ئۆمەر تېغى) ناملىق بۈيۈك قۇرۇلۇش پىلانى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، بۇندىن تەخمىنەن 150يىل بۇرۇن خوتەنلىك ئەھمەد ئاخۇنلۇقۇم دېگەن كىشى تەرىپىدىن ۋەقپە قىلىنغان خوتەن تەككىيسىنىڭ ۋەقپە قىلىنىش شەرتىدە مۇنداق يېزىلغان:

«بۇ جاي ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋەقپە قىلىندى، پايدىلىنىدىغانلار خوتەندىن ھەج قىلىش نىيىتىدە مەككىگە كەلگەن كەمبەغەل ھاجىلاردۇر. پەقەتلا ھەج مەۋسۇمىدە تۇرالايدۇ، ھەج مەۋسۇمى ئاخىرلاشقاندا تەككىيىدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئىلىم تەھسىل قىلىش، مەسجىدىلھەرەمدە ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن تۇرۇپ قالغانلار ھەج مەۋسۇمىدىن باشقا ۋاقىتتىمۇ تۇرسا بولىدۇ. تىجارەت، ھۆنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بۇ رىباتتا تۇرۇش ھەققى يوق. ئەھلى خوتەن مۇنقەرىز بولۇپ كەتكەن بولسا ئەھلى كاشغەر، ئۇلارمۇ مۇنقەرىز بولسا ماۋەرائۇننەھر خەلقى، (ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار) ئۇلارمۇ بولمىسا، ئەھلى مەككە ئولتۇرسا بولىدۇ. بۇ ۋەقپىنى ئورنىدىن يۆتكىگەن، سۈيئىستېمال قىلغان، ۋەقپە قىلغۇچىنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن، قىيامەتتە ئۆزۈم ھېساپلىشىمەن».

يۇقىرىدىكى خوتەن تەككىيسىنىڭ شەرتىدۇر. باشقا ۋەقپىلەرنىڭ شەرتلىرىمۇ ئاساسەن بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ، كۆپ پەرقلەنمەيدۇ.

بۇ يەردە مىسال سۈپىتىدە مەككە

شەھەردە «قەشقەر رىبات» نامى بىلەن مەشھۇر مۇسا بايلار ۋەقپىسىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى مۇناسىپ كۆردۈم.

ۋەتىنىمىز تارىخىدا «مۇسا باي» دەپ تونۇلغان مۇسا شەيخ ئابدىرۇسۇل قەشقىرى ئەڭ مەشھۇر بايلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ 6 ئوغلى ۋە ئىككى قىزى بولغان. ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى:

مۇھەممەد ھۇسەيىن، باھائۇددىن، ئىمام مۇھەممەد، ئوبۇلھەسەن، ھىسامىددىن، ئابدۇللا.

قىزلىرىنىڭ ئىسمى: ھۇمەيرا ۋە ھۇبەيرا.

مۇسا باينىڭ 4-ئوغلى ئوبۇلھەسەن **1900**-يىلى مەسجىدى ھەرەمنىڭ شۇبەيكە مەھەللىسىدىن 3 بىنانى سېتىۋالغان بولۇپ، مۇسا باينىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەيىن 2 بىنانى **1906**-يىللىرى «قەشقەر تەككىيىسى» نامىدا ۋەقپە قىلغان. بۇ ۋەقپەنىڭ شەرتى بولسا، «ھەج مەۋسۇمىدا ئەھلى قەشقەر پايدىلىنىدۇ، باشقا ۋاقىتتا يىل بويى مۇسا باينىڭ 5 ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى پايدىلىنىدۇ. نازىرى بولسا، مەزكۇر 5 بىر تۇققان ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىن تەيىنلىنىدۇ.»

بۇ ۋەقپىگە تەلئەت باي بىر مەزگىل ئىگىدارچىلىق قىلغان. بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى **1991**-يىلى ۋەقپىنى تەلئەت بايدىن تارتىۋېلىپ، ۋەقپىلەر ئىدارىسىغا ئۆتكۈزىۋالغان. ۋەقپىنىڭ قىممىتى ھەققىدە بىزدە رەسمى مەلۇمات يوق، كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە ۋەقپىگە ئايىت ئىككى بىنا بولۇپ، ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش پىلانىغا ئۇدۇل كېلىپ يىقىلغان ۋە **100** مىليون (سەئۇدى رىيالى) ئەتراپىدا باھالانغان ئىكەن.

«قەشقەر رىبات» دەپ تونۇلغان مۇسابايلار ۋەقپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋەتەندىن مۇسابايىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرەيلەن كېلىپ، بىر قانچە يىل ۋەقپىلەر ئىدارىسى بىلەن مەھكىمە ئارىسىدا يول ماڭغان بولسىمۇ قايتۇرۇپ ئالالمىغان. چۈنكى، مەھكىمە: «باشتا ئىسمى يېزىلغان مۇسا باي ئائىلىسىنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ بىر كىشىنى ۋەكىل قىلىشى كېرەك ھەممە بارلىق تۇغقانلارنىڭ ئىسمى ئەنگە ئېلىنغان، تەستىقلانغان تۇغقانلىق ئىسپات خېتى، بۇلاردىن باشقا تۇغقانلىرى يوق دەيدىغان ئىسپات خېتى ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، مۇساباي جەمەتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىلىپ كەتكەن، ھەتتا بەزىلىرى بىر-بىرىنى تونۇمايدىغان، تونۇغان تەقدىردىمۇ مۇناسىۋەتلىرى ياخشى ئەمەس بولغاچقا بۇ ۋەقپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقى ئېنىق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككى ھەرەم

دىيارىدا كۆپلىگەن ۋەقپىلىرى بارلىقى ئەرەبىستاندا ياشىغان، ھەج ـ ئۆمرە ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە مەلۇم. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر خەۋەرسىز.

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇر ۋەقپىلىرىنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدىكى ۋەقپىلەر:

- مۇھەممەد ياقۇپ بەگ ۋەقپىسى، ئەڭ چوڭ، قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ۋەقپە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بىرقانچە يەردە تارماق بىناسى بار.

- ئارتۇش ۋەقپىسى، ئۇزۇن مۇددەتلىك مەبلەغ سالغانلار تەرىپىدىن مېھمانخانا بىنا قىلىنغان بولۇپ، چوڭ يول ئۈستىدە 25 قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك بىنا.

- خوتەن ۋەقپىسى، مەسجىدى ھەرەم ئالدىدىكى جەبەل ئۆمەر شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن چېقىلغان بولۇپ، قىممىتى شىركەتكە ھەسسىدار بولۇپ كىرىپ، پاي چېكىگە ئايلاندۇرۇلغان.

- كېرىيە ۋەقپىسى، بۇمۇ «شىركەت مەككە» ناملىق چوڭ شىركەتكە پاي چېكىغا مەبلەغ سالغان بولۇپ، شۇ پاي چېكىدىن كەلگەن پايدىغا مىسفلە مەھەللىسىدە كىچىك بىر بىنا سېتىۋېلىنغان.

- ئۈجات ۋەقپىسى، «خۇدابەردى ھاجىم ۋەقپىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەككىيە ھەرەمدىن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە مەنشىيە مەھەللىسىدە بولۇپ، ئىككى دۇككانلىق ئۈچ قەۋەت بىنا.

- قەشقەر ۋەقپىسى، مەسافى مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، 300 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان كىچىكرەك بىر ۋەقپە ھېساپلىنىدۇ.

- قاغىلىق رىبات، «مەرىيەمخان لەغمەن» ناملىق ئايالنىڭ ۋەقپىسى بولۇپ، ئورنى ھەرەمگە يېقىن، مۇھەممەد ئەمىن تاۋاق نامىلىق بىر ئۇيغۇر ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

- كۇچار ۋەقپىسى، مەسفلە مەھەللىسىدە بولۇپ، 15 يىل بۇرۇن كىشىلەر كونا نازىر ئۈستىدىن مەھكىمىگە ئەرز سۇنۇپ نازىرنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن بىرى ۋەقپىلەر ئىدارىسى ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

- شايار ۋەقپىسى، بۇمۇ كۇچار ۋەقپىگە تۇتاش بولۇپ، مەككىدە ياشايدىغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئولتۇرىدۇ.

- قاراقاش ۋەقپىسى، بۇمۇ ھەرەمگە يېقىن يەردە بولۇپ، بىلىشىمچە باشقا شىركەت تەرىپىدىن مەبلەغ سېلىنىپ مېھمانخانىغا ئايلاندۇرۇلغان.

- لوپ ۋەقپىسى، بۇمۇ مەسفلە مەھەللىسىدە بولۇپ، كىچىكرەك بولسىمۇ، نازىر بولغان كىشى كىراغا

بىرىپ پايدىلىنىدۇ.

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى ۋەقپىلەر:

- خوتەن ۋەقپىسى، مەشرەفىيە مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، يىل بويى مېھمان كۈتۈش ئورنىدا قوللىنىلىدۇ، مېھمان سۈپىتىدە كەلگەن ئۇيغۇرلارغا رامىزان، ھەج مەۋسۇملىرىدىن باشقا ۋاقىتتا ھەقسىز ئېچىپ بېرىلىدۇ.
- كېرىيە ۋەقپىسى، ئورنى ياخشى جايدا ۋە ئىككى ئايرىم ئورۇندا مېھمان كۈتۈش بولۇپ، ۋەقپە قىلغۇچىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن كېرىيەلىكتىن باشقا كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىش ھەققى يوق.
- قەشقەر ۋەقپىسى، بۇ ۋەقپىمۇ بىر قانچە يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان قەشقەر ئاۋاتلىق «شەيخ مۇھەممەد سادىق ئابادى»نىڭ ئوغۇللىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پايدىلىنالمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تايىف، جىددە شەھەرلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ئايىت كۆپلىگەن ۋەقپىلەر بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلاردىن يىراق، نازىر بولغانلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، كۆپ كىشىلەر بىلىسمۇ نازىرلاردىن ھېساپ سورايدىغان ئادەم يوق.

دەر ھەقىقەت، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۇيغۇر خەلقىگە ئائىت شۇنچە كۆپ ۋەقپىلەر بار، ھەممىسىنىڭ قىممىتى بىرەر مىليارت دوللاردىن ئاشىدۇ. ۋەقپە قىلىنغان ۋاقىتتىكى ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ياخشى نىيىتى، ئالىجاناپلىقىدىن ئادىدى بولسىمۇ ئاللاھ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان تەككىيەلەر بۈگۈنكى كۈنلەردە ۋەقپىلەرنىڭ شەرتلىرىنىڭ ئېغىرلىقى، مەسئۇل بولغان كىشىلەرنىڭ دىنىي ۋە مىللىي سەزگۈرلىكىنىڭ ئاجىز بولىشى، ۋەقپىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجىنى ھېس قىلالماسلىقى، ئەرەبىستاندا بولسۇن ياكى ۋەتەندە بولسۇن ۋەقپىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىپەرۋالىقى دېگەندەك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مەزكۇر ۋەقپىلەر رولىنى جارى قىلدۇرالماي كەلمەكتە. كۆپلىگەن ۋەقپىلەرنىڭ كېرىمى پەۋقۇلئاددە يۇقۇرى بولۇشىغا قارىماي، چىقىم قىلىدىغان ئورۇن يوق. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئىقتىساتقا بولغان ئېھتىياجىنىڭ يۇقۇرى بولىشىغا قارىماي، ۋەقپىلەرنىڭ كېرىمىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقى بولسۇن، مائارىپ ئېھتىياجى بولسۇن، ھېچ بىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق. ئىنشائاللاھ بىر كۈنلەر كېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بايلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشىغا مۇيەسسەر قىلىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمىز.




ئاللاھ يولىدا خالىس خىزمەت قىلماقچى بولغان ھەر بىر ئىلغار ۋە ئەقىللىق مۇسۇلماننىڭ، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ياشاۋاتقان زاماننى، دۇنيا سىياسىتىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە ئاچچىق ھەقىقەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىشى كېرەك. تاشقى كۆرۈنۈشى ئىسلامىي ئەمما قىلىۋاتقان سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق بولغان نادان كىشىلەر بىلەن، تاشقى كۆرۈنۈشى ئىسلامىي بولمىسىمۇ ئىسلامغا ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىشقا تىرىشىۋاتقان ھەقىقىي دوستلار ئارىسىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى زامانىمىزدىكى ھەقىقىي جەڭ ھېكمەت ـ پاراسەت ۋە ئاڭ ـ سەۋىيە جېڭىدىن ئىبارەتتۇر.

## ئىسلام تارىخىنىڭ باسقۇچلىرى

ئىسلام تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئىسلام دۆلىتى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا، مەزكۇر دۆلەتنىڭ تۆت ئەتراپى مەككە مۇشرىكلىرى، مەدىنە يەھۇدىلىرى، رۇم ئېمپېرىيەسىدىن ئىبارەت خرىستىيان دۇنياسى، پارس ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت ئاتەشپەرەسلەر ۋە باشقىمۇ ھەرخىل ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تولۇق قورشالغان ھالەتتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابە كىراملار، تابىئېنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىزباسارلىرى قاتارلىق بارلىق ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھ كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك ئىمانى، ئالىي ھىممىتى سايىسىدە ـ ئۇلار، ئادەتتىن تاشقىرى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بارلىق دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاقماق تېزلىكىدە ئىسلام دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە،

شۇنچە كۈچلۈك رۇم ئىمپېرىيىسى بىلەن پارس ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمپېرىيەنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا ۋە يەنە بىر ئەسىرگە يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، دۇنيانىڭ 3 چوڭ قىتئەسىنىڭ ئاساسلىق قىسمىغا ئىسلام دۆلىتىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز تىكلەشتە غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەزكۇر ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا مانا ھازىر 1395 يىل توشقان بولۇپ، 622-مىلادىيە يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغان بۇ ئۇزۇن تارىخ: تۆت چوڭ ساھابە كىراملارنىڭ خىلاپەت دەۋىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 يىللىق ئالتۇن دەۋرى، 661-يىلى باشلىنىپ 750-يىلىغىچە 90 يىل ئەتراپىدا داۋام قىلغان ئەمەۋىلەر خەلىپىلىكى دەۋرى، 1300-يىللىرىغىچە 500 يىل ئەتراپىدا داۋام قىلغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ۋە سەلجۇقلار پادىشاھلىقى دەۋرى، 1923-يىلىغىچە 620 يىل ئەتراپىدا داۋام قىلغان ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى دەۋرى قاتارلىق تارىخى باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 1924-يىلىغا كەلگەندە (ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن) ئىسلام تارىخىنىڭ قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك بەتلىرى باشلانغان. بۇ دەۋردە بارلىق ئىسلام ئۇممىتى كۈچسىز، ئىگە-چاقىسىز، يېتىم ھالەتتە ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە خورلۇق چېكىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن باشقىلارنىڭ مەھكۇملۇقىغا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇلاڭ-تالاڭغا، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ھەرتۈرلۈك ئېغىر بېسىملارغا، يېڭى-يېڭى ۋە بىر-بىرىدىن قېيىن سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى بىر ئەسىردىن بۇيان تارىخىدىكى ئەڭ قېيىن ۋە مۇسىبەتلىك كۈنلىرىنى ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

1924-يىلى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى بىۋاستە ۋەيا ۋاستىلىك ھالدا غەرب ئەللىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار، بىر تەرەپتىن خىرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىكلىرىگە ۋە ھەرخىل پىتنە ئىغۋالىرىغا دۇچ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن دىنسىز كوممۇنىستلار، پاشىستلار، كامالىزمچىلار ۋە باشقىمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىستىلا قىلىش، بېسىم ئىشلىتىش، مەجبۇرلاش قاتارلىق ئۇچۇق-ئاشكارا زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1950-يىللاردىن باشلاپ، كۆپىنچە ئىسلام دۆلەتلىرى مىڭبىر مۇشەققەتتە تاشقى كۆرۈنۈشتىكى مۇستەقىللىقلىرىغا قىسمەن ئېرىشكەن بولسىمۇ، دىنىي دۆلەتتىن ئايرىشنى مەقسەت قىلىدىغان دىنسىزلىق ئېقىملىرىنىڭ قورال كۈچى ۋە ھەرخىل زوراۋانلىقلىرى ئارقىلىق پۈتۈن ئىسلام

دۇنياسىدىكى ھاكىمىيەت ۋە ئىقتىسادىي كۈچ ئاشۇ ئېقىم مەنسۇپلىرىغا ۋەيا ئۇلارنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقى بۇيىچە ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈنىمىزدىمۇ ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان ئاشكارا ـ يوشۇرۇن دۈشمەنلىكلەر ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ھەرخىل بېسىملار ئاشۇ پېتى داۋام قىلىش بىلەن بىرگە، تاشقى كۆرۈنۈشى ئىسلامىي ئەمما ئەمەلىيىتى دىنسىز بولغان ھاكىمىيەتلەر يەنىلا دەۋىر سۈرمەكتە.

## دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار سانى ۋە ئەھۋالى

دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار سانى، ئومۇم دۇنيا نوپۇسىنىڭ يۈزدە 23% ئىگىلەيدىغان بولۇپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ7 مىلياردتىن ئاشقانلىقى تەخمىن قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئومۇم مۇسۇلمانلار سانىنىڭ بىر مىليارد 700 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. دۇنيادىكى ئومۇم مۇسۇلمان نوپۇسىنىڭ 69% ئاسىيا قىتئەسىدە، 27% ئافرىقا قىتئەسىدە، 03% ياۋروپا قىتئەسىدە، قالغان01% ئامېرىكا، كانادا ۋە ئاۋستراليە قىتئەلىرىدە ياشايدىغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئاھالىسى مۇسۇلمانلاردىن تەركىپ تاپقان ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار سانى ئومۇم مۇسۇلمان نوپۇسىنىڭ ئۈچتە ئىككىنى ئىگىلەيدۇ ۋە 1.200.000.000 (بىر مىليارد 200 مىليون) ئەتراپىدىكى نوپۇسقا توغرا كېلىدۇ. قالغان ئۈچتە بىرى بولغان 500 مىليون ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار، دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەردە ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار سۈپىتىدە ھەر تۈرلۈك قىيىن شەرت ـ شارائىت ۋە ئېغىر بېسىملار ئاستىدا ياشايدۇ. مەسىلەن: ھىندىستاندىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار، ھىندىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 14%نى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، 188 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. خىتاي تېررورتورىيەسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار، خىتاي ئومۇم نوپۇسىنىڭ 11%نى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، 130 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى، ئۇلاردىن 100 مىليون ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خۇيزۇ مىللىتىدىن، قالغان 30 مىليون ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرك قان سىستېمىسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. رۇسىيەنىڭ 17 مىليون كۋادرات كىلومېتىرلىق تېررورتورىيەسى ئىچىدە چېچەنىستان، داغىستان ۋە ئەنگۇشىيا قاتارلىق 8 ئىسلام دۆلىتىنىڭ مۇسۇلمانلىرى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار سۈپىتىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رۇسىيەنىڭ ئۆزىدىمۇ 6 مىليون ئەتراپىدا ئاز سانلىق مۇسۇلمان بار بولۇپ، رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئومۇمىي ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 20 مىليوندىن ئاشىدۇ. تايلاندتىكى ئاز

سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 5 مىليون، سىرىلانكىدا 4 مىليون، فىلىپپىن ئاراللىرىدا 6 مىليون، بىرمادا ئۈزلۈكسىز قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان روھىنگىيا ئاز سانلىق مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى 2 مىليون، 28 ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 25 مىليون، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 10 مىليون، كانادادا بىر مىليون، ئاۋىستىرالىيەدە 500 مىڭ ۋە 28 ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 70 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان بولمىغان ھاكىمىيەتلەر ۋە مىللەتلەر تەرىپىدىن يەكلىنىش، كەمستىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر تۈرلۈك زوراۋانلىقلار ۋە ئېغىر بېسىملارغا ئۇچرىماقتا. بەزى دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ دىنىي، سىياسىي ئىجتىمائىي ھەق-ھوقۇقلىرى، ھەتتا كىشىلىك ھوقۇقلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. يەنە بەزى دۆلەتلەردە دىنىي مائارىپ قەتئىي چەكلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇش، مۇسۇلمانچە كىيىنىش، ساقال قويۇش، ئىسلامىي نىكاھ، يېمەك-ئىچمەكتە ھالال-ھارامنى ئايرىش ۋە باشقىمۇ مۇسۇلمانلىق ھاياتىنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەن بولۇپ، كۆپۈنچە ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلار ياشاۋاتقان ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا بەزى بىر خىل سۈركىلىشلەر مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ سۈركىلىشلەرنى باھانە قىلغان زالىم ھاكىمىيەتلەر-ئۆز تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارغا قاراتقان بېسىملىرى ۋە زوراۋانلىقلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مەزكۇر ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنى دۇنياغا تېررورىست قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان ئىسلام دۇنياسى سۈكۈت ئىچىدە ئېغىرقاشتىن باشقا چارە تاپالمايۋاتىدۇ.

2001-يىلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا 11-سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا تېررورىست نەزىرى بىلەن قارايدىغان ئەھۋال پەيدا بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئارىسىدا بىرخىل ئايرىمچىلىق ۋە دۈشمەنلىك ھېس-تۇيغۇلىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىغاندىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بېسىملار ئالاھىدە ئېغىرلاشماقتا. كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىغان بىرەر كۈچلۈك ھاكىمىيەت بولمىغانلىق سەۋەبىدىن دۇنيادىكى بارلىق ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نالە-پەريادلىرى كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان

بولسىمۇ يەنىلا جاۋابسىز قالىدىغان ئەھۋال ھەر يەردە ئومۇملىشىش بىلەن بىرۋاقىتتا نورمال بىر ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالماقتا.

## خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتلىرى

بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى مەسئۇللىرىنىڭ، ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا بىرلىك-باراۋەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ئېزىلگەن مۇسۇلمان ئاممىسىنى ھىمايە قىلىش قاتارلىق ئالىي مەقسەت ۋە مۇددىئالار ئۈچۈن 1969-يىلى ماراكەش پايتەختى راباتتا چاقىرىلغان، بىرىنچى نۆۋەتلىك ئىسلام دۇنيا قۇرۇلتىيى جەريانىدا (ب د ت رىياسەتچىلىكىدە) «ئىسلام دۇنياسى ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ۋە 1972-يىلى جىددە شەھىرىدە خەلقئارا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتارلىق 3 قىتئەدىن 57 ئىسلام دۆلىتىنى رەسمى ئەزا سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈنىمىزغىچە «ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش» دېگەندىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق غايىسىگە خىزمەت قىلىشتىن ئاجىز كېلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ھەقتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدىكى ئاچچىق بىر ھەقىقەت بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1962-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى رىياسەتچىلىكىدە مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە قۇرۇلغان «ئىسلام دۇنيا بىرلىكى» تەشكىلاتىغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدە ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردا تەسىس قىلىنغان نەچچە ئونلىغان خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرىمۇ، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك روللىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا قادىر بولالماي كەلمەكتە.

## دۇنيا سىياسىتى ۋە خەۋپسىزلىك تەشكىلاتى

1914-يىلى باشلىنىپ 1918-يىلى ئاخىرلاشقان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى بەزى مەنبەلەردە 9 مىليون دېيىلسە، يەنە بەزى مەنبەلەردە 37 مىليونغىچە چىقىدۇ. ئەمما يارىدار بولغۇچىلار سانىنىڭ 20 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرگە خاتىمە بېرىش ۋە دۇنيا تىنچ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 1919-يىلى پارىژدا چاقىرىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك تىنچلىق قۇرۇلتىيى جەريانىدا: «مىللەتلەر قانۇنى» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا 58 دۆلەت ئەزا قىلىنىدۇ. ئەمما مەزكۇر تەشكىلات 1939-يىلغا كەلگەندە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشىنىڭ ۋە بۇ ئۇرۇشتا 78 مىليون ئەتراپىدا ئىنساننىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئالدىنى ئالالمىغانلىقى

سەۋەبىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. 1945 ـ يىلى 24 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدە چاقىرىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك دۇنيا تىنچلىق قۇرۇلتىيى جەريانىدا ھازىرقى «ب د ت» دۇنيا تىنچلىقىنى (بىخەتەرلىكىنى قوغداش) ۋە خەلقئارادا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مەيدانلىرىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئالىي مەقسەتلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان بولىدى. تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ سانى دەسلەپكى يىللاردا 51 بولۇپ، مانا بۈگۈن 193 ئەزاسى بار بىر تەشكىلاتقا ئايلاندى. ب.د.ت گە تەۋە خەلقئارا خەۋپسىزلىك كېڭىشى 15 دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، دائىمىي ئەزالىق دەرىجىسى ۋە مۇتلەق رەت قىلىش (ۋېتو) ھەققى پەقەتلا 5 دۆلەتكە (ئامېرىكا، رۇسىيە، خىتاي، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەگە) بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيانىڭ تەقدىرىنى مەزكۇر 5 دۆلەت (ئادالەتسىزلىك بىلەن) بەلگىلەپ، (دۇنيانى بارماقلىرى ئارىسىدا ئوينىتىپ) كەلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى رەجەپ تەييىب ئەردوغان، بۇ دۇنيا 5 تىن چوڭ، بۇ دۇنيانى 5 دۆلەتنىڭ خالىغانچە باشقۇرىدىغان ھەققى يوق، خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئىچىدە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭمۇ بولۇشى كېرەك دەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر قارارغا مەزكۇر 5 دۆلەتتىن بىرەرسى قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇ قارار ئەمەلىيلەشمەيدۇ. ئايلارچە بەلكى يىللارچە مۇزاكىرە قىلىنغان قارارلار، بىر سېكۇنتتا بىكارچى بولىدۇ. سۇرىيە زېمىنلىرىدا ئۆتكەن 6 يىلدىن بىرى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ داۋام قىلىشى ۋە 600 مىڭدىن ئارتۇق سۇرىيە خەلقىنىڭ ئۆلۈمگە ۋە 2 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ ياردا بولۇشى، نەچچە ئون مىليون ئىنسانلارنىڭ سەرسان بولۇشىغىمۇ ئەنە ئاشۇ 5 دۆلەتنىڭ (ئادالەتسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان) ئۆز ئارا ئىچكى مەنپەئەت سوقۇشى سەۋەبچى بولۇپ كەلمەكتە.

مەزكۇر چوڭ دۆلەتلەرنىڭ، دۇنيانىڭ بۇ ئادالەتسىز تۈزۈمگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قارشى چىقىش ئېھتىمالى بولغان، بارلىق قېنى قىززىق ۋە ھېسسىياتچان مۇسۇلمانلارنى ئىسلامىي جىھاد نامى بىلەن بىرىيەرگە جۇغلاپ، ئەڭ باشتا ئۆز ئارا ئىچكى ئۇرۇش چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئارقىلىق قىرغىن قىلىپ تۈگىتىش، ئاخىرىدا چالا قالغانلىرىنى بىۋاستە بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق تۈگىتىش سىياسىتىمۇ نەچچە ئون يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

## تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە مىللىي كۆرەش ھەرىكىتى

1923 ـ يىلى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك رىياسەتچىلىكىدە دىنسىزلىق ئاساسلىرى

ئۇستىگە قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى، بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسلىق كىملىكىگە تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىلا سىڭدۈرۈپ توختىماستىن، تۈركىيەنى ھەر تەرەپتىن غەربنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇش ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش شىرىن خىياللىرىنىمۇ ئاتاتۈركچىلەرنىڭ ئىچكى ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ياۋروپادىكى دىنسىزلىق سىياسىتى تۈركىيەدىكى دىنسىزلىق سىياسىتى ئالدىدا تولىمۇ ئاددى ھېسابلىناتتى. چۈنكى ياۋروپادىكى دىنسىزلىق پەقەتلا دىنىنى سىياسەتتىن ۋە دۆلەت ئىشلىرىدىن ئايرىش ئۇچۇن بولسا، تۈركىيەدىكى دىنسىزلىق سىياسىتى باشقىلارغا يولباشچىلىق قىلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق مۇسۇلمان رەھبەرلەرنى تەلتۆكۈس يوق قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن، تۈركىيەدە ئىز دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ۋە يا ئوچۇق-ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان دىنىي زاتلارنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ. 1930-يىلى بارلىق ئىمام خاتىپ دىنى مەكتەپلىرى تاقىۋېتىلگەن. 1932-يىلى ئەرەبچە ئەزان ئوقۇش چەكلىنىپ، تۈركىيە مەسجىدلىرىدە 18 يىلغىچە تۈركچە ئەزان ئوقۇلغان. ئاياللارغا ھېجاب، ئەرلەرگە ساقال-بۇرۇت ھەتتا ئىسلامىي كېيىملەرمۇ چەكلەنگەن. 1950-يىللىرىغا كەلگەندە مىللەتچى «دېمۇكراتىيە پارتىيە»سى قانۇنلۇق سايلام ئارقىلىق ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن، كۆپلىگەن مەيدانلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، 1960-يىلى 27-ماي كۈنى مەيدانغا كەلگەن ھەربى ئىنقىلاب نەتىجىسىدە مەزكۇر ئىسلاھاتچى پارتىيەنىڭ رەھبىرى ۋە تۈركىيەنىڭ باش مىنىستىرى ئەدنان مەندەرىس بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇللار بىلەن بىرگە دارغا ئېسىلغان. تۈركىيەدە يۈز بەرگەن ھەربىي ئىنقىلاپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئىسلامىي مەيدانلاردىكى ئىسلاھاتنى توسۇش بولغان. مەسىلەن: 1971-يىلى 12-مارت، 1980-يىلى 12-سىنتەبىر ۋە 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 28 كۈنلىرىدىكى ھەربىي ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامىي ئىسلاھاتلارنى چەكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىدىن ئۈستۈن بولغاچ، تۈركىيەدىكى يوشۇرۇن ئىسلامىي ھەرىكەتلەر ۋە مۇسۇلمان سىياسەتچىلەرنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەممىي ئەمما توختاۋسىز تىرىشچانلىقلىرى غەلىبە قىلدى. نەتىجىدە تۈركىيەدىكى دىنسىزلىق ئاساسلىرى تەدرىجى ھالدا ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ يۆلىنىش لىنيەسى ئۆزگىرىپ، ھازىرقى يېڭى تۈركىيە ئوتتۇرغا چىقتى.

پروففېسسور نەجمىدىن ئەرباقان 1965-يىللىرى سىياسىي مەيداندىكى

ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا «مىللىي كۆرەش» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى: تۈركىيە ئۆزىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي مەنبەلىرىگە تايىنىش ئارقىلىق باشقا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش تەرەققىي قىلىشى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە بېقىنماستىن، مۇستەقىل ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. شۇنداقلا بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىسلام دىنىغا ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك، دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشۇ ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە 1970-يىلى «مىللىي نىزام پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ. مەزكۇر پارتىيىنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىش غايىسى ئاشكارىلانغان ھامان-بىر يىل ئىچىدە ھەربىي ھۆكۈمەتلەر ئارقىلىق تاقىۋېتىلىدۇ. 1972-يىلى 11-ئۆكتەبىر كۈنى «مىللىي سالامەتلىك پارتىيىسى» نامى بىلەن يېڭى پارتىيە قۇرۇشقا مەجبۇر بولغان نەجمىددىن ئارباقان، 1974-يىلىدىكى بۇلەنت ئەجەۋىت ھۆكۈمىتى بىلەن شېرىكلىشىدۇ. 1975-يىلىدىن 1977-يىلىغىچە 5 پارتىيە بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان «مىللەتچىلەر بىرلىكى» ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ شېرىكلىشىدۇ. 1980-يىلى 12-سىنتەبىر ھەربىي ئىنقىلابىي نەتىجىسىدە «مىللىي سالامەتلىك پارتىيىسى» تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن 1983-يىلى19-ئىيۇل كۈنى «پاراۋانلىق پارتىيىسى» قۇرۇلىدۇ. 1991-يىلىدىكى ئاممىۋى سايلامدا پارلامېنتقا كىرىشتە غەلىبە قىلغان پاراۋانلىق پارتىيىسى 1995-يىلىدىكى سايلامدا 158 ئورۇندۇققا ئىگە بولۇش ئارقىلىق ئەڭ كۆپ ئاۋاز ئالغان بىرىنچى پارتىيە بولغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەققى ئۇنىڭ قارشىسىدا بىرلەشكەن تەرەپكە بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇلار يەنىلا ھۆكۈمەت قۇرۇشتا مەغلۇب بولىدۇ ۋە 1996-يىلى 8-ئىيۇل كۈنى «توغرا يول پارتىيىسى» بىلەن بىرلىكتە قايتىدىن ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەققىگە ئىگە بولغان نەجمىددىن ئەرباقان، تۈركىيەنىڭ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تۈركىيەنىڭ ھەربىي مەسئۇللىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تۇتۇشتا مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇ بىر يىل ئىچىدە ناھايىتى چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە تۈركىيەنىڭ قەرزلىرىنى 38 مىليارد لىرادىن 15 مىليارد لىراغا چۈشۈرىدۇ، كۈرت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا باشلايدۇ، ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ، تۈركىيە ئىقتىسادى كۈچلىنىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇنچە كۆپ غەلىبىلىرىنى كۆرگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەسئۇللار 1997-يىلى 28-فېۋرال كۈنى ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى تۇيۇقسىز ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ۋە پارتىيىسىنى تاقاپ، ئۇنى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق 5

يىلغىچە سىياسىي پائالىيەتتىن چەكلەيدۇ. 1997-يىلى 17-دېكابىر كۈنى رىجائى قۇتان رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان «پەزىلەت پارتىيىسى» 2001-يىلى 22-ئىيۇل كۈنى تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى 2001-يىلى 20-ئىيۇل كۈنى «سائادەت پارتىيىسى» نامى بىلەن يېڭى پارتىيە قۇرۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردۇ. ئەمما رەجەپ تايىپ ئەردوغان ۋە ئابدۇللاھ گۈل باشچىلىقىدىكى يەنە بىر گۇرۇپ «ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىقىدۇ.

2003-يىلىغا كەلگەندە ئابدۇللاھ گۈل تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، ئۆز ئۇستازى نەجمىددىن ئەرباقاننىڭ ئۈستىدىكى سىياسىي چەكلىمىلەرنى قالدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئاشۇ يىلى ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى پاراۋانلىق پارتىيىسىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىيانەت قىلغان دېگەن تۆھمەت چاپلىنىپ 2 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇ بولسا 2011-يىلى 85 يېشىدا دۇنيا بىلەن خوشلاشقان كۈنگىچە قەدەر ئۆزىنىڭ ئىسلامىي مۇجادىلىسىنى توختاۋسىز ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ نەپەس ئۈزىدۇ.

## يېڭى تۈركىيە ۋە يېڭى لىنىيە

پەزىلەت پارتىيىسىدىن ئايرىلىپ چىققان رەجەپ تەييىب ئەردوغان بىلەن ئابدۇللاھ گۈل باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى گۇرۇپ 2001-يىلى 14-ئاۋغۇست كۈنى «ئادالەت ۋە تەرەققىيات» پارتىيىسىنى قۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى بىلەن 1923-يىلى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك باشچىلىقىدا قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىنسىزلىق ئاساسلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. دېمەك: ئۇلار زامان ۋە شەرت-شارائىتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا تۈركىيەدىكى بارلىق ئېقىملارنى بىردەك قۇچاقلاشقا يول ئاچىدۇ ۋە نەتىجىدە: 2002-يىلىدىكى دېموكراتىك ھالدىكى ئاممۇۋى سايلامدا كۆپچىلىكنىڭ ئاۋازىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشتە غەلىبە قىلىدۇ. ئۇلار 14 يىلدىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان بارلىق ئاممۇۋى سايلاملارنىڭ ھەممىسىدە ئۇدا غەلىبە قىلىپ كەلمەكتە.

1954-يىلى 26-فېۋرال كۈنى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كەلگەن رەجەب تەييىب ئەردوغان 15 يېشىدىلا سىياسەتكە قىزىقىشقا باشلايدۇ ۋە 1985-يىلى «پاراۋانلىق پارتىيىسى»نىڭ ئىستانبۇل شەھىرى شۆبە رەئىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1994-يىلى ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى بولۇپ سايلىنىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۆجىزىگە يول ئاچىدۇ. ئۇنىڭ 4 يىل ئىچىدە ئىستانبۇل شەھرىگە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى

ئوبرازىنى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە غەلىبىلىرى ھەققىدە سورالغاندا ئۇ، بىزنىڭ ئىماندىن ئىبارەت قورالىمىز، ئىسلامدىن ئىبارەت ئەخلاقىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىزدىن ئىبارەت يولباشچىمىز بار دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇ 1998-يىلى «مەسجىدلەر بىزنىڭ مەركىزىمىز، مۇنارلىرى بىزنىڭ نەيزىلىرىمىز، گۈمبەزلىرى قالقانلىرىمىز، مۆئمىنلەر بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى ئىسلامىي شېئىرنى ئوقۇغانلىقى سەۋەبلىك 10 ئاي قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، 5 يىلغىچە سىياسىي پائالىيەتتىن چەكلەنگەن ئەردوغاندىكى بۇ چەكلىمىلەر 2002-يىلى ئۇنىڭ پارتىيىسى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گەرچە تۈرك ئەسكەر مەسئۇللىرى ئۇنىڭ پارتىيىسىنى تاقاپ ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بىرنەچچە نۆۋەت ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىرنىچىدىن كۆپ سانلىق تۈرك خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشى، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ شەرتلىرى، تۈركىيەنىڭ دۇنيا دۆلەتلىرى تىزىملىكىدە ئىقتىساد جەھەتتە 115-قاتاردىن 23-قاتارغا يۈكسىلىشى، 2008-يىلى ئەردوغانغا قارشى ئېچىلغان بىر قېتىملىق داۋانىڭ ئىستانبۇل پاي چېكى بازىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى تۈرك ھەربىي مەسئۇللىرىمۇ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلغان كىشى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇمكىن بولغانلىقىنى بايقىيالايدۇ.

2002-يىلى ئەردوغان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن باشلاپ زامانىمىزغىچە، ئۇنىڭغا قارشى پىلانلانغان يۈزلەرچە سۇيىقەستلەرنىڭ بەربات قىلىنىپ، ئۇنىڭ ساق سالامەت قېلىشى، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلگەن نەچچە ئون قېتىملىق سىياسىي ئويۇنلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۇنىڭ يەنىلا ھاكىمىيەتتە داۋام قىلىشى، ئۇ ھاكىمىيەتكە چىققاندىن باشلاپ تۈركىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ راھەت نەپەس ئالىدىغان بولۇشى، ئاياللارنىڭ بېشىنى ئەركىن يۆگەپ يۈرەلىشى، ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە دىنىي دەرسلەرنىڭ رەسمىي دەرسلىك قاتارىدا يولغا قويۇلۇشى، تۈركىيەدىكى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان چىقىش يولى تېپىلمايۋاتقان كۇرت مەسىلىسى ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئىچكى ھۆكۈمەت مەسىلىسىگە ئوخشاش ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنىڭمۇ يەنىلا ئەردوغان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىش تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بىلەن بولدى، ئەلۋەتتە.

80 يىلدىن بۇيان ياۋروپانىڭ

ئويۇنچۇقى بولۇپ كەلگەن تۈركىيەنىڭ ئەردوغان رىياسەتچىلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى سەۋەبىدىن بىردىنلا ياۋروپانىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ئۈنىڭدىن تەڭپۇڭلۇق تەلەپ قىلىشى، تارىختىن بۇيان ئىسرائىلىيەنىڭ ھەر ساھەدە ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى بولۇپ كەلگەن تۈركىيەنىڭ ئەردوغان رىياسەتچىلىكىدە پەلەستىن مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئىسرائىلىيەدىن ۋاز كېچىشكە باشلىشى، ئەردوغاننىڭ ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرىگە قارشى «ۋان مىنۇت» ھېكايىسى، يەنە كېلىپ دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىكى ئاز سانلىق مەزلۇم مۇسۇلمانلارغا مۇمكىن بولغان قەدەر ئىگە چىقىشقا تىرىشىشى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا باشلىشى قاتارلىقلارمۇ يەنىلا پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مۇمكىن بولىدىغان ۋەقەلەر دۇر.

2016-يىلى 15-ئاپرىل كۈنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تۈركىيە ساھىبخانلىقىدىكى «ئىسلام دۇنيا ھەمكارلىق تەشكىلاتى» يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇللار ئۇچرىشىش قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن رەجەپ تەييىپ ئەردوغان، ئۆزىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئىرادىسىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرق زىيارەتلىرى جەريانىدىمۇ بۇ پوزىتسىيەسىنى ئاشكارىلىغان ئىدى. سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىران بىلەن بۇ ھەقتە ئازدۇر-كۆپتۇر رىقابەتتە بولغانلىقىمۇ بەزى خەۋەرلەرنىڭ ئوبزۇر ماقالىلىرىدە بايان قىلىنغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە ھېچقانداق رولى بولماسلىقى لازىم دەيدىغان مىسىر رەئىسى ئابدۇفەتتاھ سىسى بىلەن ئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللاھمۇ قاتناشمىدى. رەجەب تەييىب ئەردوغان سۆزىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق دېدى: مېنىڭ دىنىم سۈننىمۇ ئەمەس، شىئەمۇ ئەمەس، بەلكى مېنىڭ دىنىم پەقەتلا ئىسلام دىنىدۇر. ئۇ يەنە ياۋروپا بىرلىكىنىڭ تۈركىيەگە ۋە ئىسلام دۇنياسىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئەيىبلەپ: يېقىندىلا ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاتوم ئامانلىقى يىغىنىدا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىنىڭ پارىژدا ۋە برۇكسېلدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن-ئۇزۇن توختىلىپ، ئىستانبۇل، ئەنقەرە ۋە لاھور قاتارلىق شەھەرلەردە يۈز بەرگەن ۋە يۈزلەرچە كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى تىلغىمۇ ئېلىپ قويمىغانلىقى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئىسلام دۇنياسى نېمە ئۈچۈن ئۆز ئارىسىدىكى ئىچكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن غەرب ئەللىرىدىن ياردەم سورايدۇ؟ دەيدۇ. ئۇ

يەنە: بىز باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمىز، ھەتتا ئارىلىششتىن چەكلىنىمىز. ئەمما باشقىلار بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشقاندا دۇنيا تىچلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى نېفت ئۈچۈن ۋە ھەرتۈرلۈك پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ئارىلىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئىسلام دۇنياسىدا ئۆز ئارا كېلىشتۈرۈش ۋە سۈلھى قىلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىشى لازىم. ئىسلام دۇنياسىدا مۇستەقىل خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتى (ئېنتېرپول) قۇرۇپ ئۆز ئارا جىنايەتچى ئالماشتۇرۇش ئىشى يولغا قويۇلۇشى لازىم. يەنە ئۇ خەلقئارا خەۋپسىزلىك تەشكىلاتىدىكى پەقەت 5 دۆلەتنىڭ دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتەك ئادالەتسىز سىستېمىنى ئەيىبلىگەن ھالدا ئۇنىڭدا ئىسلام دۆلەتلىرىدىنمۇ ۋەكىللەرنىڭ بولۇشى كېرەك. ئادالەتسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر سىستېمىنىڭ دۇنياغا ئادالەت ئېلىپ كېلەلىشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەن مەزمۇندا سۆزلەيدۇ.

تۈركىيە «يېڭى شەپەق» گېزىتى مۇخبىرى ئۆزتۈرك بۇ ھەقتە يۇرگۈزگەن ئوبزور ماقالىسىدە مۇنۇلارنى يازدۇ: بىزنىڭ «ئىسلام دۇنيا ھەمكارلىق تەشكىلاتى»دىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ تۈركىيە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، تۈركىيەنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا باشلامچىلىق قىلىش مەسىلىسىنىڭ ئۇنداق ئاسانلا مۇمكىن بولىدىغان بىر مەسىلە ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى بەزىبىر ئەرەب مەسئۇللىرى تۈركىيەنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ.

ئۇ يەنە «ئادالەت ۋە تەرەققىيات» پارتىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە مەسجىد بىنا قىلىشقا باشلىشى، تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقانلىقىنىڭ بالقان ۋە بوسنىيە قاتارلىق بىرنەچچە دۆلەتلەردە ئىشخانىلارنى ئېچىشى ۋە چوڭ ئاكتىپلىق رولىرىنى ئويناشقا باشلىشى، يەنە شۇ دىيانەتنىڭ پۈتۈن ياۋروپادىكى مەسجىدلەرگە مائاشلىق ئىماملارنى ئەۋەتىش قاتارلىق خەلقئارالىق دىنى پائالىيەتلىرى، ئەمەلىيەتتىمۇ تۈركىيەنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا باشچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قاتار دۆلىتىدىكى ھەمد ئىبنى خەلىپە ئۇنىۋېرسىتېتى دىنلار تارىخى ۋە سىياسي ئەخلاق ئۇستازى مورىتانىيەلىك مۇتەپەككۇر مۇھەممەت مۇختار ئەل شىنقىتى، تۈركىيە ھەققدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”تۈركىيە ئىسلام دۇنياسىغا رىئاسەتچىلىك قىلىشى كېرەك، ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ ئەسلىگە قايتقاندەك تۈركىيەمۇ ئىسلامغا قايتتى. ياۋروپا ئەللىرى تۈركىيە بىلەن قوشۇپ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىۋاتقان بىر مەزگىلدە، ئىران غەرب دۇنياسى بىلەن بىرگە بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىغا دۈشمەنلىكلىرىنى

داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. تۈركىيە دېگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بوۋاق ۋاقتىدا پىرئەۋننىڭ سارايىدا چوڭ بولغاندەك، ياۋروپانىڭ قوينىدا تۇرۇپ تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت.

دېمەك: ئاللاھ تائالا تۈركىيەنى ئىسلام دۇنياسىغا باشچىلىق قىلىشقا تەقدىر قىلىۋەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمما ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرغىچە بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يېتەلىگىنى يوق. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىراندەك بىر ئازغۇن دۆلەت مەسئۇللىرىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىشى، مىسىردىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى» يامان كۆرۈشى، شۇنداقلا رەجەپ تەييىب ئەردوغاننى ئۆچ كۆرۈشى، ئەردوغاننىڭ قانچىلىك توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دېدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تۈركىيەگە قاراتقان سىياسەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار تارىختىن بۇيان تۈرك مەسئۇللىرىدىن ئوخشاش سەۋىيىدىكى دوستلۇق پوزىتسىيەسى ئەمەس، بەلكى نېمە دېسە خوش دەپ تۇرىدىغان ئاستىن قوللۇق پوزىتسىيەسى بىلدۈرۈشنى خالايدۇ. ئەمما ھازىرقى ئەردوغان ھۆكۈمىتى تەڭگە-تەڭ تۇرىمەن دېگەندىن كېيىنلا مۇناسىۋەتتە چاتاق چىقىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ياۋروپالىقلارنىڭ تۈركىيەدە 2016-يىلى 15-ئىيۇل يۈز بەرگەن ۋەقەدە غەربنىڭ تۈركىيەگە تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ياۋروپانىڭ تۈركىيەگە قاراتقان دۈشمەنلىك سىياسىتىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ نۆۋەت تۈركىيەدە 16-ئاپرېل كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان رەئىسلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش مەسلىسىدە ئومۇمنىڭ راينى ئېلىش سايلىمى ھارپىسىدىمۇ مەيلى گېرمانىيە ۋە گوللاندىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تۈركىيەگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەيران قالارلىق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي دۈشمەنلىك سىياسەتلىرىنى ئۇچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان بولدى.

پاكىستانلىق سىياسىي ئوبزورچى ئىجاز زاكامۇ ئەردوغاننىڭ تۈركىيەنى كۈچلۈك ئۈممەتكە ئايلاندۇرغانلىقىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: رەجەپ تەييىب ئەردوغاننىڭ ئىلگىرىدىن باشلاپ، تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە دىنىسىزلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ بارلىق سايلاملاردا تولۇق ئۇتۇپ چىقىشى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ھېكمىتى بىلەنلا مۇمكىن بولىدىغان بىر ۋەقە بولۇپ، بۇلارنى باشقا سەۋەبلەرگە باغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەردوغاننىڭ پەلەستىن مەسىلىسىگە، ئىگە چاقىسىز سۈرىيەلىكلەرگە، بىرمادىكى بىچارە روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە سومالىيەلىكلەر قاتارلىق بارلىق بىچارىلەرگە ئەمەلىي ياردەم قولىنى

سونۇشى ۋە ئۇنىڭ مەيلى سىياسى ۋە ئىقتىسادى بەدەللىرىنى تۆلەشكە رازى بولۇشى، زادى نىمىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؟ تۈركىيە ئۆتكەن 6 يىلدىن بۇيان 3 مىليون سۈرىيەلىكنى ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز بېقىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق دائىش قاتارلىق تىررۇرلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى يېڭى تۈركىيەنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا باش بولۇش سالاھىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەردوغاننىڭ غەلىبە قىلىشىنى خالىمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۇشمەنلىرىدىن ئىبارەت، دەيدۇ.

2017-يىلى 16-ئاپرىل كۈنى تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان تۈركىيەدە پارلامېنت سىستېمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، رەئىسلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ۋە ئاساسى قانۇننىڭ 18 ماددىسىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ راينى ئېلىش ئۈچۈن بېلەت تاشلاش سايلىمىدىن ناھايەت كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بەك بىئارام بولۇپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: تۈركىيەنىڭ تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشى، سانائەتتە، ئېنېرگىيەدە، قاتناشتا ۋە باشقىمۇ ئىقتىسادي، ئىجتىمائىي مەيدانلارنىڭ ھەممىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ تەرەققي قىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

گەرچە مەيلى تۈركىيە ئىچىدىكى ۋە يا سىرتىدىكى بارلىق تۈركىيە دۇشمەنلىرى شۇنچە كۆپ يالغان ۋە ئاساسسىز تەشۋىقاتلار ئارقىلىق پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشقا ۋە مەزكۇر سايلامغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ كەرىمى، ئىنايىتى بىلەن ھەق تەرەپ، غەلىبە قىلدۇ ۋە يېڭى تۈركىيە يولىدىكى بارلىق توسالغۇلار تولۇق يوق قىلىندۇ.

تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ۋەقە شۇكى، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا ئىگە چىقىشقا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دەرت-ئەلەملىرىگە قىسمەن بولسىمۇ دەرمان بولۇشقا تىرىشىۋاتقان رەجەپ تەييىپ ئەردوغانغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە رەھبەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بىر مۇئمىن، مۇسۇلمانىنى مۇرتەد قاتارىغا چىقىرىپ، دۇشمەنلىك پوزىتسىيەسى تۇتىدىغان ئەقىلسىز، نادان ۋە ئەخمەق مۇسۇلمانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان مۇسىبەتلىك ئېغىر كۈنلەرنىڭ يەنىمۇ داۋامى بارلىقىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. ئاللاھ ھەممەيلەنگە ھىدايەت ئاتا قىلىپ، قەلب كۆزىمىزنى ئېچىۋەتكەي. (ئامىن)

مەنبەلەر:

الحركات الاسلامية في تركيا المعاصرة / طارق عبدالجليل السيد

العدالة والتنمية 14 عاما في خدمة تركيا / صحفي التركي حمزة تكين

تقرير عن تركيا من طرف معهد واشنطن / سونر جاغتاي



# دىن ۋە سىياسەت نەزەرىدىكى ھىجاب

ئىبتىسام تۇرەيسى

تەرجىمىدە: ئابدۇلھەپىز مۇھەممەدئابدۇللا

ئاياللار قەدىمقى زامانلاردا بارلىق جاھالەت ۋە بالايى ـ ئاپەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىپ، پەقەتلا جىنسىي مۇناسىۋەتتە قوللىنىدىغان كېنىزەك سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىناتتى. ئىسلام دىنى ئاياللارنى بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، ئۇلارغا ئۆز ئابرۇيىنى قايتۇرۇپ بەردى.

ئەگەر بىز ئاياللارنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى زاماندىكى تارىخىغا قارايدىغان بولساق، كۆپلىگەن مىللەتلەر ئارىسىدا ئاياللارنىڭ قانچىلىك ۋەھشى دەرىجىدە خارلىق مۇئامىلىسىگە دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىمىز. بولۇپمۇ يەھۇدى دىنىدا ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەزى غەرب جەمئىيەتلىرىدە ئۇزۇن يىللار ئايال كىشىنىڭ روھى بار يوقلىقى تالاش تارتىش قىلىنغان بولۇپ، ئاياللارنى خورلاش ۋە پەس كۆرۈش ئەۋج ئالغان ئىدى.

ئۇلار: ئەگەر ئايال كىشىنىڭ روھى بار دېيىلسە ئۇنداقتا ئۇنىڭ روھى ئىنسان روھمۇ ياكى باشقا نەرسىنىڭ روھمۇ دەپ، دە تەلاش قىلغان. ئاخىردا ئۇلار ئايال كىشىنى خورلاشتا ئەڭ ئەشەددى بولغان ئىپپەت كېمىرىنى ئىجاد قىلغان ئىدى.

بۈگۈنكى زامانىمىزدا سانائەت ئىنقىلابى، فرانسىيە ئەركىنلىك ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، ئىنسان ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن كاپىتالىست تۈزۈمنىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ داۋاملىق ھالدا ئىلگىرلىشىشىگە ماس كېلىشى ئۈچۈن تەقەززالىق بولغان سودا ـ سانائەت ھالىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئاياللار بۇ جەمئىيەتلەردە ئۆز قارىشىنىڭ مەيدانلىرىغا ئېلىپ چىقىلدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ھىجاب تەبئىي ھالدا نۇپۇز ۋە ئوچۇق بېسىملارنىڭ تەسىرى

ئاستىدا قالدى.

هىجاب ئىجتىمائىي كىيىممۇ؟

هىجاپ ھەققىدىكى ھەر خىل پەتىۋالار كۆپىيىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشقا سەۋەپ بولماقتا. بولۇپمۇ شەيخۇلئەزھەرنىڭ "فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدە ھىجابنى چەكلەش ھەققى بار، غەيرى دۆلەتلەردە ياشىغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئۇ دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشى ئىسلام شەرئىتىنىڭ ھۆكمىدە «مەجبۇر قالغۇچىنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ»، دەپ بەرگەن پەتىۋاسى مۇسۇلمانلار ئامىسى ئارىسىدا قاتتىق غولغۇلا پەيدا قىلدى.

بۇ پەتىۋا ـ گەرچە مەخسۇس ھالەت ئۈچۈن بولسىمۇ ـ ئىسلام تەتقىقاتچىسى دوكتۇر مۇھەممەد شەھرۇرنىڭ ئىسلامنىڭ باشلانغۇچ زامانىدىكى ۋەقەلىكلەر ۋە ئۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتىكى چۈشەنجىسىزگە تايىنىپ: «ھىجاب ئىسلامنىڭ ئاساسى شەرتلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائى ئەنئەنە» دېگەن سۆزگە ماس كېلىدۇ.

بۇ يەردە ئىنساننىڭ ئەقلىگە كېلىدىغان سوئال تۇۋەندىكىچە:

ھىجاپ كىيىش ئاياللارنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە ئىلمى ساھەلەردە تەرەققى قىلىشىغا توسالغۇ بولامدۇ؟

ھىجاپ ئاياللارنى جاھالەت ۋە تەرەققىياتسىزلىق قەپىسىگە قاماپ قويىدى، دېگەن ئىددىئا توغرىمۇ؟

ئايال كىشىنىڭ ھىجاب كېيىشى ياكى كېيىمەسلىكى ھېچقاچان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ياكى تەرەققىياتسىزلىقىنىڭ سەۋەبى بولمىغان ياكى شۇ مەلۇم كىيىمنى كەيگەن ئايالنىڭ جاھالىتى ۋە زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقىنىڭ ياكى تەرەققىياتچىلىقىنىڭ ۋە مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولمىغان. قانچىلىغان غەرپ ئاياللىرىنىڭ كېيىنىش يوسۇنىنى ۋە شەكلىنى دوراپ كېلىۋاتقان شەرق ئاياللىرى ھىجاپلىق ئەمەس، ئەمما دۇنيادىن پەقەت يۈزەكى كۆرۈنىشنى بىلىدۇ خالاس.

شۇنىڭدەك نورغۇنلىغان ھىجاپلىق ئاياللار ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ۋە يەنە پەقەتلا ئەرلەر مونوپۇل قىلىپ كېلىۋاتقان ساھەلەردە ئۆز ئۈستۈنلىكىنى نامايان قىلىپ يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشتى.

قەدىمكى زاماندىن بېرى ئىنسان جەمئىيەتلىرى ئۆزىگە خاس كىيىملەرنى كىيىپ كەلگەن ۋە كىيىنىش يوسۇنى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولۇپ كەلگەن ۋە كۆپلىگەن ئەھۋالدا كىيىم شەكلى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

يوقسۇل تەبىقە ئاياللىرىنىڭ كىيىمى

بايلار تەبىقەسىنىڭ ئاياللىرىنىڭ كىيىمگە ئوخشىمايتتى. شۇڭدەك ياش قىزلارنىڭ كىيىمى قېرى ئاياللارنىڭ كىيىمگە ئوخشىمىغاندەك، ئەرلەرنىڭمۇ كىيىملىرى ئەسىرلەردىن بىرى ئوخشىماي كەلگەن بولۇپ، ئوسمانلى دەۋرىدە دوپپا كەيگەن بولسا مۇستەملىكە دەۋرىدە شەپكە كەيگەن ئىدى. دېھقانلار بولسا دوپپا بىلەن كۇپايە قىلغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ مىللى كىيىمى دەۋلەتلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقدەك ھەر خىل بولىدۇ.

ھىجاب ھەققىدە كۆز قاراش:

بىر قانچە يىل ئىلگىرى سۇرىيەنىڭ ھەلەپ شەھرىدە مېنىڭ "مىراج" رومانىمنى باھالاش ئۈچۈن ھەر ئايدا بولىدىغان ئەدەبىيات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا بىر قانچە مەشھۇر ئەدەبىياتچى قاتناشقان ئىدى. مەن يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردىن پەقەتلا سىنارىست يازغۇچى نىھات سىرىستىن باشقىلارنى تونۇمايتتىم. روماننى ھەققىدىكى مۇھاكىمە ئاخىرلىشاي دېگەندە مېنىڭ ھىجابىم توغرىسىدا قويۇلغان تەنقىدى بىر سوئال مېنى ئەجەپلەندۈردى. بۇ سوئالنى ھەلەپ ئۈنىۋېرستىسدە ئۇستازلىق قىلىدىغان بىر دوكتۇر ئايال قويغان بولۇپ، ئۇ سوئالدا ماڭا "سىز قانداق قىلىپ ئۆزىڭىز ھىجاپلىق ۋە ھىجاپلىق بىر مۇھىتتا ياشاپ تۇرۇپ بۇ رومانىنى يازالدىڭىز؟ دېدى. مەن جاۋاپ بېرىپ بولغۇچە يېنىمدا ئىنجىنىرلىك فاكولتېتىدە ئۇستازلىق قىلىدىغان بىر دوكتۇر ئۆزى جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن مەندىن رۇخسەت سوراپ مۇنداق دېدى: "ھىجاپ بىلەن ئىجادىيەتنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ ئايالنىڭ ئەقلى بۇ كىيىمنى كەيگەنمۇ؟ سىز كىيىم بىلەن پىكىر ـ ئىجادىيەتنىڭ ئارىسىدا قانداقمۇ مۇناسىۋەت قۇرىسىز؟

بۇ سوئالىڭىز ئەزرا مەرىيەمنى جاھالەتلىك دەپ ئەيىپلىگەندەك ئىش بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھىجاپلىق ئىدى.

بۇ جاۋابنى بەرگەن دوكتور بولسا خىرىستىيان ئىدى.

ھىجابنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى:

شەرىئەتكە ئاساسەن ئەسلىدە ھىجاب ھۆر ئاياللارنى ھىمايە قىلىش ۋە كېنىزەكلەردىن پەرقلىق قىلىش ئۈچۈن پەرز قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 59 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىن ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئۆز ياغلىقلىرىنى كۆكسلىرىگە يۆگۆۋالسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ تونۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ (چاقچاق قىلىپ) ئەزىيەت بېرىشىگە دۇچار

بولمايدۇ.»

بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئايال ـ قىزلىرى ۋە مۇمىنە ئاياللارغا شۇ زاماندا يۈگۈنۈش ئۈچۈن ئوچۇق بۇيرۇق بولۇپ، ئالىملار بۇنى زامانلار بويىچە ھەممە ئاياللارغا پۈتۈن مۇسۇلمان جەمئىيەتتە ئومۇمى پەرز قىلىپ بېكىتتى.

ئايەتتىكى بۇ بۇيرۇقتىن مەقسەت، ئاياللارنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى تەۋراتتا كۆرسىتىلگەن ھوزۇرلىنىش ۋاستىسى ياكى سودا سېتىق ۋاستىسى ۋەزىيىتىن قۇتقۇزۇپ چىقىشتۇر.

تەۋراتنىڭ ئەشئىيا سەپىرىنىڭ 3 ـ بۆلۈمدە مۇنداق دېيىلگەن:

رەب دېيدى: ״ساھيۇن قىزلىرى قەددى ـ قامىتىنى ئۇستۇن قىلىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى قىسىپ مېڭىشى، مېڭىشلىرىدا بەللىرىنى تولغاپ ۋە پاچاقلىرىدىن ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن، رەب ئۇلارنى چاچسىز قىلىۋېتىدۇ ۋە يالىڭاچلىۋېتىدۇ. رەب ئۇ كۈنى ئۇلاردىن خەلخال، تىرناق، بويۇن، بىلەك زىبۇ ـ زىنەتلىرىنى ۋە ئۈزۈك ۋە نەقىشلەنگەن كىيىملىرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە خۇش پۇراقنى سېسىقچىلىققا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ.״

ھازىرقى كۈندە ئايال كىشىنىڭ قوللىنىدىغان زىبۇ ـ زىنەت ۋە گىرىم بۇيۇملىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدىن مەقسەتنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ئۇ بولسىمۇ شۇنداق مېڭىش ـ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش.

دېمەك، قەدىمقى زاماندىن بېرى ئاياللار جاھالەتكە كۆمۈلۈپ كەتكەن مەخلۇق دەپ قارىلىپ، جەمئىيەت ئۇنى ھوزۇرلىنىش ۋاستىسى قىلىپ قوللىنىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئىسلام ئاياللارنىڭ ھاياتقا ئاكتىپ ھالەتتە قاتنىشىش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئۇلارنى تەرەققىيات پەللىسىگە كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئىسلام دىنى ئاياللارنى بايلار تۈزۈمىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي چەكلىمىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. بۇ تۈزۈم بولسا پاھىشىچىلىكنى دىنىنىڭ ئەمرى دەپ ئىجرا قىلىپ كەلگەن ئىدى.

تەۋراتتا مۇنداق دېيىلگەن: ״يالىڭاچ بولۇشىڭىز ئۈچۈن، سىز چۇمبىلىڭىزنى ئېچىۋېتىڭ، كاسىڭىزنى ۋە پاچىقىڭىزنى ئېچىۋېتىڭ، دەريادىن بۇ ھالەتتە ئۆتۈڭ.״

ئاياللارغا تەۋراتتا مۇشۇنداق خىتاب قىلىنغان. چۈنكى ئۇلار ھېچقاچان ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىنسان سۈپىتىدە مۇئامىلە كۆرمىگەن، بەلكى ئۇلار پاھىشە دەپ پەس كۆرۈلگەن بولۇپ بۇنىڭ سەۋەبى ئەرلەر جەمئىيىتىنىڭ ئاياللارنى

ھەر قانچە قىلسىمۇ مەڭگۈلۈك مەلئۇن، مەڭگۈلۈك خاتالاشقۇچى گۇناھكار پاھىشە، ھىيلە-مىكىردىن ھەزەر قىلىنىشقا تېگىشلىك مەخلۇق دەپ قاراپ تەۋراتقا ئۆز خاھىشى بويىچە ئويدۇرما ئەمىرلەرنى كىرگۈزۈشتىن بولغان.

ئەمما ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىن پۈتۈنلەي ئۈزاقلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان بەزى كىشىلەرنىڭ دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈۋاتقان ئەھزاب سۈرىسىدىكى "ئەگەر سىلەر ئۇلاردىن(پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن) بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭلار پەردە ئارقىسىدىن سوراڭلار، بۇ بولسا سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئۈچۈن ئەڭ پاك ياخشىدۇر" دېگەن ھىجاپ ئايىتىدىن مەقسەت، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى بىلەن سۆزلەشكەندە پەردە ئارقىسىدىن سۆزلىشىش ئەمرىدۇر. بۇ بولسا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر مەقسەت ئاياللارنى پەردە ئارقىسىغا ئېلىش بولسا ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھېچقاچان دۆلەت ئىشلىرىغا ئارلاشمىغان بولاتتى.

## ھىجاپ توغرىسىدا نېمە ئۈچۈن بۇنچە غۇلغۇلا پەيدا قىلىندى؟

زامانىمىزدا ھىجاپ ئاياللارنى ئالاھىدە ھىمايە قىلىش كىيىمىدىن ھالقىپ مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالماقتا. ھىجابنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە دۈشمەنلىرى ئۇنى ئۆزىنىڭ مەناسىدىن بۇرمىلىۋەتمەكتە. شۇڭا ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىگە تەشەببۇس قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئاياللار تەرىپىدىن ھىجاپ مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ داۋا قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەربتە بەزىلەر تەرىپىدىن مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ۋە تېرۆرچىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ داۋا قىلىنماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن فرانسىيەگە ئوخشاش بەزى دۆلەتلەر ھىجابنى چەكلىدى. ھىجاپ زامانىمىزدىكى مەدەنىيەتلىك ئالەمنىڭ نەزىرىدە دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى بۇرمىلاپ غەربنى رازى قىلىشنى مەقسەت قىلغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرۇلماقتا.

بۇ رولنى بولسا فېيسبۇك ۋە يۇتيۇبلاردا نەخ مەيداندا ھىجابلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىش ئارقىلىق مەخپىي غەرەزگە خىزمەت قىلىۋاتقان بەزى قىز-ئاياللار جارى قىلدۇرىۋاتقان بولۇپ، بۇمۇ پۇل تېپىشنىڭ يېڭى ۋاستىسى ۋە ئەينى ۋاقىتتا غەرپتىكى بەزى ھىجاپ دۈشمەنلىرىنى رازى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.



# شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان، ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار ئارىسىدىكى قولىيازما قۇرئانلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

شۋېتسىيە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار بىر قەدەر كۆپ ساقلىنىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئارخىپخانىسى، شۋېتسىيە مۇزىكا ئارخىپخانىسى قاتارلىق بىر قانچە ئورۇنغا مەركەزلەشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى بىلەن شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئارخىپخانىسى ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم دىنىي كىتابلار ساقلىنىۋاتقان ئورۇنلار بولۇپ، بۇ دىنىي كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن تەخمىنەن 10 پارچىغا يېقىن قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن قۇرئانلارنى تاپقىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ قۇرئانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قاچانلاردا كۆچۈرۈلگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئېنىق يىلنامىلىرىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ قۇرئانلارنى سېتىۋالغان ۋە ساقلىغان تۈركولوگ گۇننار ياررىڭنىڭ ۋە شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىغا ئاساسەن مەلۇم سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ قولىيازما قۇرئانلارنىڭ بىر قىسمىنى گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق قەشقەرگە قىلغان سەپىرى جەريانىدا قەشقەردىكى كىتابپۇرۇشلاردىن سېتىۋالغان بولسا، يەنە بىر قىسمىنى قەشقەر، يەكەن ۋە يېڭىھىسارلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېت مىسسىيونېرلىرى سېتىۋالغان.

شۋېت مىسسىيونېرلىرى 1890 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئاكتىپ پائالىيەتلەردە بولغان. شۋېت

مىسسىيونېرلىرى ئارىسىدىكى يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخي كىتابلاردىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ پائالىيىتى 1930-يىللاردىن كېيىن ئاساسەن تەقىب، بېسىم ۋە كونترول ئاستىدا بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى زور دەرىجىدە چەكلەنگەن. شۇڭا بۇلارنىڭ قول يازما قۇرئانلارنى سېتىۋېلىشىنى 1930-يىللاردىن بۇرۇن بولغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇيرۇتمىشى بىلەن مەخسۇس ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ۋە قولىيازما سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارغان گۇننار ياررىڭنىڭ سەپىرى دەل 1929-يىلىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بۇ نۇقتىلارنى نەزەرگە ئالغاندا بۇ قولىيازما قۇرئانلارنى ئاز ھېسابلىغاندىمۇ 100 يىللىق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە بۇ قولىيازما قۇرئانلارنىڭ 9پارچىسى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ گۇننار ياررىڭنىڭ نامىغا بېغىشلانغان «گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت قول يازمىلار توپلىمى» قاتارىدا ساقلىنىۋاتقان بولسا، يەنە 4 پارچىسى مىسسىيونېرلار ئارخىپخانىسىنىڭ ماتېرىياللار ئامبىرىدا ساقلانماقتا. لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت قول يازمىلار توپلىمى»نىڭ مۇندەرىجىسى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەردىن جەمئى560 پارچە قول يازمىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1-قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى:[ياررىڭ پرو15].

بۇ قۇرئان شىۋېتسىيە مىسسىيونېرى گۇننار ھېرمانسون تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان بولۇپ، ھىجرىيە 1347-يىلى جامادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 29-كۈنى (مىلادىيە 1929-يىلى 6-ئايدا) يەكەندە قول بىلەن كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان. قۇرئاننىڭ ئېگىزلىكى 23.5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ، جەمئى 87 بەت.

2-قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى:[ياررىڭ پرو106].بۇ قۇرئان جەمئى 335بەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 20سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر. بۇ قۇرئاننى گۇننار ياررىڭ 1929-يىلى8-ئاينىڭ 16-كۈنى قەشقەردە كىتابپۇرۇش روزىئاخۇندىن 5 سەرگە سېتىۋالغان.

ئەمما بۇ قۇرئان ھجرىيە 1307 ـ يىلى(مىلادىيە 1889 ـ 1890يىللىرى) ئەتراپىدا مۇھەممەد يۇسۇپ ھاجى ئىبنى تاجى تەرپىدىن كەشمىرنىڭ سرىناگار دېگەن يېرىدە كۆچۈرۈلگەن.

3 ـ قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى:[يارىرىڭ پرو110].

بۇ قۇرئان جەمئى 304 بەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 16،5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرئاننى گۇننار يارىڭ ئىستانبۇلدىن سېتىۋالغان بولۇپ، ھجرىيە 1286 ـ يىلى(مىلادىيە 1869 ـ 1870 يىللىرى) كۆچۈرۈلگەن.

4 ـ قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتىتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى:[يارىرىڭ پرو254].

بۇ قۇرئان جەمئى 296بەت بولۇپ، خوتەن قەغىزىگەيېزىلغان. قۇرئاننىڭ ئېگىزلىكى 28،5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18سانتىمېتىر كېلىدۇ.بۇ قۇرئاننى گوستاف ئالبېرت 1930 يىلى قەشقەردىن سېتىۋالغان بولۇپ، كېيىن گۇننار يارىڭغا تەقدىم قىلغان.

5 ـ قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى:[يارىرىڭ پرو281].

بۇ قۇرئان جەمئى 400 بەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 22،5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرئاننى داۋىد گوستافسون 1920 ـ 1930 ـ يىللىرى ئارلىقدا يەركەندىن سېتىۋالغان بولۇپ، كېيىن لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلغان.

6 ـ قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى:[يارىرىڭ پرو289].

بۇ قۇرئان جەمئىي 248 ـ بەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 21،5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ئىگىسى قوبسان ھاجى بولۇپ، قۇرئانغا ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قالدۇرغان. كېيىن بۇ قۇرئان مىسسىيونېر لاش ئېرىڭ ھۆگبەرىينىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، لاش ئېرىڭ ھۆگبەري قۇرئانغا 1913 ـ يىلى دەپ تامغىسىنى باسقان.

بۇ قۇرئاننىڭ بەزى سۈرە ـ ئايەتلىرى تەرجىمە قىلىنىپ، تەپسىرلىرى ياندىش بېرىلگەن. تەرجىمە ۋە تەپسىر تىلىدىن قارىغاندا قۇرئان ئۇيغۇرلار تەرپىدىن ئەمەس، بەلكى ئەزەربەيجانلىقلار تەرپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، بىر قىسىم سۈرە ـ ئايەتلەرنىڭ تەپسىرلىرى كىرگۈزۈلۈپ يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزگە كېلىمىز.

7 ـ قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان

تىزىملىكتىكى نومۇرى:[ياررىك پرو331].

بۇ قۇرئان جەمئىي 459بەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ.بۇ قۇرئاننى داۋىد گوستافسون يەركەندىن سېتىۋالغان. قۇرئانغا بىر قانچە كىشىنىڭ ئىمزاسى قالدۇرۇلغان بولۇپ، بىرسىدە «بۇ قۇرئاننىڭ ئىگىسى مەنكى توختىئاخۇندۇرمەن، كىمكى بۇ قۇرئاننى مېنىڭ دېسە ئاغزى قۇرۇپ كەتسۇن» دەپ يېزىلغان. يەنە بىرسىدە «قۇرئان ئوقۇغۇچى مەنكى ئابدۇراخماندۇرمەن، مېنىڭ ئىككى تالىپىم بۇ قۇرئاننى ئوقۇدى» دەپ يېزىلغان. ئەمما بۇ قۇرئاننىڭ كىم تەرىپىدىن قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان.

8-قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتىتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى: [ياررىك پرو376].

بۇ قۇرئان جەمئىي 66بەت بولۇپ،خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان. ئېگىزلىكى 18سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرئاننى گوستاف راكېت ۋە ئايالى خاننا راكېت 1920-يىلى يەركەندىن سېتىۋالغان بولۇپ، ھىجرىيە 1306-يىلى(مىلادىيە 1888-1889-يىللىرى) ئەتراپىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

9-قۇرئان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىگە قويۇلغان تىزىملىكتىكى نومۇرى: [ياررىك پرو515].

بۇ قۇرئان جەمئىي 400 بەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 36.5سانتىمېتىر، كەڭلىكى 22،5سانتىمېتىر كېلىدۇ، بۇ قۇرئاننى مىسسىيونېر سىگفرىد موېن سېتىۋالغان بولۇپ، نەدىن سېتىۋالغانلىقى ئېسىدە قالمىغان. ئەمما ئۇ قەشقەر، يەكەن، ياكى يېڭىھىساردىن سېتىۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى يەنى 1989-يىلى بۇ قۇرئاننى گۇننار ياررىڭغا ھەدىيە قىلغان.

مىسسىيونېرلار ئارخىپخانىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتېرىياللار تېخى تولۇق تىزىملىنىپ، تۈرلەرگە ئايرىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئارخىپخانا كاتولىگىدىن بۇ 4پارچە قوليازما قۇرئاننى كۆرگىلى بولىدۇ.

مىسسىيونېرلار ئارخىپخانىسىدىكى بۇ 4پارچە قۇرئان ئۈچ خىل ئۆلچەمدە بولۇپ، ئىككى دانىسىنىڭ ھەجمى ئاساسەن ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەخمىنەن ئېگىزلىكى 16سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. يەنە بىرى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا بولۇپ، تەخمىنەن ئېگىزلىكى 22سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇلار ناھايىتى

مۇكەممەل ۋە پاكىز ساقلانغان، هېچقانداق يەرلىرى يىرتىلىپ كەتمىگەن.
تۆتىنچى قۇرئاننىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، تەخمىنەن ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەمما قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسىدىن تارتىپ ئۈچ ۋاراقلىرىغىچە كونىراپ كەتكەن، ھەتتا بىر قانچە ۋاراقلىرى يىرتىلىپ كەتكەن. قۇرئان قاتتىق ۋە قېلىن قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، مۇقاۋىنىڭ ئۈستىدە چوڭ بىر يىرىق بار. يىرىقنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، يىرىقنىڭ ئۆتكۈر بىر تىغنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن قالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئارخىپخانا خادىمىنىڭ بايان قىلىشىچە، قۇرئاننىڭ ئىگىسى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان دۈشمەننىڭ قىلىچىنى مۇشۇ قۇرئان بىلەن توسقان ئىكەن، قىلىچ قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسىنى كېسىۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇ بايانىنى راست دەپ ئويلىساق، بۇ قۇرئانىنى ياقۇپبەگ دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن بالدۇر كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ياقۇپبەگدىن كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردا ئاساسەن قىلىچ كۆپ ئىشلىتىلمىگەن.

## شۈكۈر ـ قانائەت سىزنى بەختلىك قىلىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر» دېگەن. ئىنساننىڭ نەپسىنى قانائەتتىن باشقا نەرسە تويغۇزالمايدۇ. قانائەت قىلمىغان كىشى ھەرگىز بەختلىك بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇپ قانائەت قىلغان ئادەم ئەڭ باي ئادەمدۇر. سىز سىزگە ئاتا قىلىنغان قامەتىڭىزگە، مال- مۈلكىڭىزگە، پەرزەنتلىرىڭىزگە، تۇرالغۇڭىزغا ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قانائەت قىلىشىڭىز لازىم. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇيرۇقىدۇر: «مەن ساڭا ئاتا قىلغاننى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.»

ئۆلىمالار «دۇنيادىكى مۇمكىن بولمايدىغان ماتېماتىكا سىزگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ساناپ چىقىشتۇر» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ ھەممە نەرسىنى ساناپ چىقالىغان تەقدىردىمۇ، قۇمنىڭ سانىنى، دېڭىز دولقۇنلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان ماتېماتىكا بولمىغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان پەن ـ تېخنىكا يوقتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ھېس قىلمايدۇ. پەقەت شۇ نېمەتلەرنىڭ بىرەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىلا ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

(«بەخت- سائادەتنىڭ 40 رېتسىپى» ناملىق كىتابتىن)



# مەدرىسە ھاياتى

ھەببۇللا تەكلىماكان

مەدرىسە دېگەن سۆز ئەسلى ئەرەبچە بولۇپ، مەكتەپ مەنىسىدە چۈشىنىلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بۇ سۆز دىنى تەلىم تەربىيە ئېلىش ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ سۆز دىنى تەلىم تەربىيە ئېلىش ئورنى دېگەن ئۇقۇمدىن يىراقلاشمىغان ئاساستا زامان ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمدە شۇ زاماندىكى دىنغا قارىتا يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ رەزىللىشىش سەۋەبى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردە (بىزنىڭ دەۋرىمىزدە) يەر ئاستى دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسى دېگەن ئۇقۇمدا چۈشىنىلىدىغان بولدى.

ئەمەلىيەتتە يەر ئاستى دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسى دېگەن سۆز دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئىجاد قىلغان سۆزى بولۇپ، بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق دىنىنىڭ شۇنداق قاتمال مۇھىتتا تەرەققىي قىلىدىغانلىقى، ھەمدە شۇ مۇھىتتا تەربىيەلەنگەنلەرنىڭ خەتەرلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى، بۇلاردىن ھەر ۋاقىت مىللەت ۋە دۆلەتكە خېيىم-خەتەر كېلىدىغانلىقىنى خەلقىمىزگە ھېس قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى بىز ياشاۋاتقان زېمىندىن ئۆچۈرمەكچى بولۇشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەدرىسىلەرنى خەلقىمىزگە سەت كۆرسىتىپ يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى مۇنداق ئۈچ سەۋەپكە باغلىنىدۇ دەپ ئويلايمەن.

1- بىز مىللىتىمىزنىڭ ئارىسىدىن قەدىمدىن تارتىپ (ھازىرمۇ شۇنداق) ئۆزلىرىگە دۈشمەن بولۇپ كەلگەن مەشھۇر (ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئەھمەد خەلپىتىمگە ئوخشىغان) كىشىلىرىمىز شۇ مەدرىسىلەردە يېتىشىپ چىققان.

2- ئۇلار دىنىنىڭ شۇئارلىرىنىڭ

ھەممىسىنى چەكلەپ يەنىلا دىنىنى تەلتۆكۈس يوقىتالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەدرىسە دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ دىنىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا سۇنۇشتا بىردىن ـ بىر مەنبە شۇ مەدرىسە ئىدى.

3 ـ ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇنبەت تۇپراقلىرىغا شۇ زېمىننىڭ ئەسلى خەلقىدەك، ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزسىز ھالدا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تالاي بەدەللەرنى تۆلىگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئۈنۈمنى كۆرەلمىدى. سەۋەب، دەل مەدرىسىلەردىن تارقالغان دىن ئارقىلىق ئۇ خەلق ئۆز مەدەنىيىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ كۈچلۈكلىكى سەۋەبلىك، مەدرىسە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەنلەرنىڭ ئىسمى دۈشمەن تەرەپتىن «ياۋا موللا» دەپ ئاتالغان ئىدى. مەدرىسە ۋە مەدرىسە ئەھلى دۈشمەنلەرنىڭ ھەر قېتىملىق يېغىن ۋە تازىلاش ھەرىكەتلىرىدە ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانغان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك مەدرىسە ۋە مەدرىسە ئەھلى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈككىلا يۈكسىلىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل ئۆزىنى مەخپىي تۇتۇشى كېرەك ئىدى. شۇ مەزگىلدە دۈشمەنلەرمۇ مەدرىسىلەرنى قانۇنسىز يەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىسى دەپ ئاتاپ ئۆلگۈرگەن ئىدى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر دۈشمەننىڭ تەشۋىق قىلىۋېرىشى نەتىجىسىدە كېيىنكى (يەر ئاستى دىن ئۆگىتىش نۇقتىسى) مەناسى بويىچە چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى.

دىنىي تەلىم تەربىيە قىيىنلىشىۋاتقان دەۋردە، بۇ سۆز گەرچە دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندەك قىلاتتى. چۈنكى، بىز يەر ئۈستىدە، ھەتتا نەچچە قەۋەت بىنا ئۈستىدە ئوقۇۋاقمۇ خۇددى يورۇق چۈشمەيدىغان يەر ئاستىدىكىدەك يەنىلا كېچە ـ كۈندۈز يورۇقلۇقتىن مەھرۇم ھالەتتە، مەخپىي ھەم قاراڭغۇ ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتۇق. ئۆينىڭ ھەممە دېرىزىسىگە ئاۋاز ۋە چىراق يورۇقىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قېلىن بىر نەرسىلەرنى تۇتاتتۇق. شۇنداق مەخپىي تۇرۇپمۇ يەنە ئۆي ئىچىدىكى باللارنىڭ ئاۋازىنىڭ قېلىن تاملاردىن ۋە مەھكەم ئېتىلگەن دېرىزىلەردىن سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆي ئىچىدە جېدەل چىقارغان ۋە يۇقۇشى ئاۋازدا پاراڭ قىلغان باللار ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالار بار ئىدى. بەزى باللارنىڭ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىنى، بەزىلەرنىڭ ئىككى ئۈچ كۈن ئارقا ـ ئارقىدىن تاماق ئېتىپ نۆۋەتچىلىك قىلغىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مەدرىسىلەردىن ھەيدەلگىنى ھېلىھەم

ئېسىمدە بار.

دىنىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تېگىشكۈسىز بىر نېمەت ئىكەنلىكىنى ۋە جاپانىڭ تېگى ئالتۇن دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ياخشى چۈشۈنۈپ كەتمىگەن بەزى كىشىلىرىمىز ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق جازالارنى ئىجرا قىلىپ، ھەيدىۋەتمىسە كەتمىگۈدەك يەر ئەمەسكەنغۇ، تۈرمە ھاياتىغىلا ئوخشايدىكەنغۇ، مەدرىسە ھاياتى دېگەن!

ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاننىڭ تۈپتىن ئەكسىچە ئىدى. بەلكى، بىز مەدرىسە ھاياتىنى ئۆزىمىزنىڭ سەيلىگاھى ۋە جەننىتى، سىرتنى بولسا، تۈرمىدەك ھېس قىلاتتۇق؛ چۈنكى بىز مەدرىسىدە شۇ جاپا مۇشەققەتلەرگە ئۇستازلىرىمىزنىڭ يېتەكلىشى ۋە تەلىم تەربىيە بېرىشى ئاستىدا سەبىر قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانلىقنى قۇرۇپ چىققان، كەلگۈسى غايە نىشانلىرىمىزنى تىكلىگەن ئىدۇق. ھاياتلىقتىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىزنى تونۇغان ئىدۇق. ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى رەببىمىزنى شۇ مەدرىسىلەردە تونۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قايتىدىن تونۇغان ئىدۇق. بىز ئەنە شۇ مەدرىسە ھاياتى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ دىنىنى قوغداشتا قانچىلىك ئاۋانگارت، قورقماس باتۇر خەلق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدۇق؛ چۈنكى، ئۆيىنى بىزلەرگە بەرگەنلەر بايقىلىپ قالسا ئۆيلىرىنىڭ يىقىلىدىغانلىقىنى، بار ئىقتىسادىنىڭ جەرىمانىگە تۆلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تۈرمە-زىندانلارغا تاشلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا رەببىدىن ئامانەت سۈپىتىدە تاپشۇرۇۋالغان ئىسلام دىنىغا كەلگەن خىرىس ۋە مۇسىبەتلەرنى، ئۆزلىرىگە كەلمەكچى بولغان مۇسىبەتلەردىن ئېغىر دەپ قاراپ، ئامانەتنى ساق سالامەت كېيىنكى ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن، بارلىقىنى دوغا تىككەن جاسارەتلىك كىشىلەر ئىدى.

مەدرىسە ھاياتىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزاھلىساق، بۇ ماكان ئارقىلىق تاۋلانغان ساغلام ئىمانلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما مەن ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن پولات كەبى تاۋلانغان شۇ خەلق ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى شۇ مەدرىسە سەۋەپلىك دىنىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ئاتىغان ئاتا-ئانا ۋە ئۇستازدىن ئىبارەت ئىككى ئىنساننىڭ شۇ مەدرىسە ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئازراق ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۇم. ئاتا-ئانا ئىنسانغا نىسبەتەن تۇنجى ۋە ئۆمۈرلۈك ئۇستازدۇر. كۆپىنچە باللار شۇ تۇنجى ۋە ئۆمۈرلۈك ئۇستازىنىڭ ھاياتلىقتىكى قىزىقىشى ۋە غايە نىشانى بىلەن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى غايە نىشانىنى تىكلەيدۇ. جۈملىدىن مەن شۇلارنىڭ بىرى. مەن مەدرىسە ھاياتىدىن ئىككى يىللىق

ھاياتىمنى ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە ئاتا ـ ئانامنىڭ ئاچچىق ۋە تاتلىق تەلىم تەربىيە ئىشلىشى ئارقىلىق ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغانمەن. ئىككى يىلنى مەجبۇرى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاتا ئانامنىڭ دىنى تەلىم ـ تەربىيەگە بولغان تەلپۈنۈشى مېنىڭ قىزىقىشىم ۋە غايەم بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى. مەن مۇشۇ ئىدىيىگە كەلگىچە شۇ جاپاكەشلەر قانچە قېتىم مېنىڭ ئوقۇشۇمدىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاچچىق ئۆتمۈشى يەنىلا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا مەن ئارقىلىق يېتىشتىن ئىبارەت مەقسەتلىرىدىن ۋاز كەچكىلى قويمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بارچە مەقسەتلىرى ئۆزى قىلماي ياكى قىلالماي بوش قۇيۇۋەتكەن يەرلەردە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىدى. ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇك نىشانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن، ئۆزى خەجلىمەي بىز ئۈچۈن خەجلەيتتى. ئۆزى يېمەي بىزگە يېدۈرەتتى. بىز ئائىلىدە بولساق بىز قىلىدىغان يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلاتتى. باللىرى مەدرىسلەرگە بارمايدىغان كىشلەرنىڭ باللىرى ئاتا ئانىلىرىغا ياردەملىشىپ، ئاتا ئانىسىنىڭ قولىنى خېلى سۇغۇتاتتى. ئاتا ئانىمىز شۇلارنى كۆرگەندە: بالام بولغان بولسا يېنىمدا تۇرۇپ ماڭا ئىشلىرىمدا ياردەملىشىپ ماڭا ھەمراھ بولغان بولاتتى دەپ كۆڭلىدە ئۆزىگە پىچىرلاپ سۆزلەيتتى؛ چۈنكى، ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئۆزىگە ياردەملىشىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ بولىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولسا ئالەمچە خۇشال بولىدۇ. مەدرىسىدىن قايتقان ۋاقىتلىرىمدا دادامغا ياردەملىشىپ ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەن ۋاقىتلىرىمدا: ماڭا ئىش قىلىشىپ بەرمىسىڭىزمۇ قېشىمدا ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلىپ بەرسىڭىز، ئوينىغۇڭىز كەلسە قېشىمدا ئوينىسىڭىز ھارمايمەن بالام. ئاتا ئانا بالىغا شۇنداق ئامراق كېلىدىكەنمىز. ئەمما باللار بۇنى بالىسى بولغاندا چۈشىنىدۇ، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا كۆپىنچىلەر كېچىككەن بولىدۇ دەيتتى. دېمەك شۇ جاپاكەشلەر ئارزۇسى ئۈچۈن تاتلىق باللىرى بىلەن بىرگە ياشاشتەك خۇشاللىقلىرىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى. ھەتتا بەزىلەر شۇ پەرىشتە كەبى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قويماستىن ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە: ياشىنىپ قالدىلا سىلىمۇ باللىرىنى ئوقۇتمەن دېمەي ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرسىلە بولمامدۇ. ھازىر ۋەزىيەت سەل كەسكىن، باللىرى تۇتۇلۇپ قالسا جاپانى ئۆزلىرى تارتقانلىرى ئاز كەلگەندەك، ھەممە نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىلا دىگەندەك، ئاڭلىماققا شېكەر ئەمما زەھەرلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇ كىشلەرگە سۇكۇتتىن ئۆزگە جاۋابى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ نادانلارغا

سوٴكوٴت ئېچىدە بەرگەن جاۋابى نېمە دېگەن تەسىرلىك جاۋاپ ھە! سوٴكوٴت بوٴلارنىڭ كۆرۈنۈشىدە ۋە نادانلارغا موٴئامىلە قىلغاندىكى ئەخلاقىدىلا ئىدى. ئەمما ئوٴلارنىڭ پوٴت-قوللىرى تىنىمسىز ھەركەت قىلاتتى. ئېتىز-ئېرىق ۋە ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى شوٴ موماي بىلەن بوۋايغا قاراشلىق ئىدى. بارچە كىشىلەر ئېتىزدا باللىرى بىلەن ئىش قىلسا بوٴلار ئىككەيلەن يالغوٴز ئىشلەيتتى. ھەممە ئادەم ئىشنى توٴگىتىپ ئۆيلىرىگە قايتقىنىدا موماي بىلەن بوۋاي بىر بىرىگە تەسەللىي بەرگەچ كەڭرى كەتكەن ئېتىزدا يالغوٴز قالاتتى. توۋا بوٴلارنى قىينىمايدىغان نېمىمۇ بار دەيسىلە؟ ئېتىزدىن ھېرىپ ئېچىپ قايتسا ئېغىلدىكى قوي كاللىرىمۇ تۆت كۆزى بىلەن مۆشوٴ ئىككىيلەننى ساقلاپ توٴراتتى. بىچارە دادام ماغدۇر قالمىغان پوٴت قوللىرىنى يەنە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ شوٴ تىلسىز بىچارىلەرنىڭ غەلۋىسىنى بېسىقتۇرسا، ئانام رەھمەتلىك ئەسلىدە دادام يېرىپ بېرىدىغان ئوتۇننى ھارغىنلىغا قارىماي ئۆزى يېرىپ، كەچلىك تاماقتا توٴتوٴش قىلاتتى. بوٴلارغا توٴرموٴش خاپىلىقى شوٴنچە بېسىملارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوٴلار يەنىلا بىزنى ئوقۇتۇشتىن بوٴشاشمىغان ئىدى. بىر نەچچە قېتىم مەدرىسىدە خەجلەيدىغان پوٴلوٴم ئوٴچوٴن ساندوٴقتىكى بوٴغدايىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، مىنىڭ بىر ئىككى ئايلىق پوٴلوٴمغا يارىغوٴدەك

بوٴغدايىنى ئېلىپ چىقىپ ئاشلىقچىغا ئەرزان سېتىپ پوٴلنى ماڭا توٴتقوٴزغان ئىدى. مەكتەپتە ئوقوٴيدىغان باللار بولسا بىزلەردىن تامامەن پەرقلىق ئوقوٴش پوٴرسىتىگە ئىگە ئىدى. ئوٴلارنىڭ ئوقوٴش پوٴلنى ھۆكوٴمەت كۆتۈرۈپ ئوقوٴتاتتى. يەنە كېلىپ ئوٴلار ئوقوٴش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئايلىقى ئىككى ئوٴچ مىڭ سوملوٴق مائاشلىق خىزمەتلەرگە ئېرىشەلەيتتى. ئەمما بىزلەرنى ئاتا ئانىمىز ئۆز يېنىدىن پوٴل چىقىرىپ ئوقوٴتقاننىڭ ئۈستىگە ھەر ۋاقىت بىزلەرنى توٴرمە ھاياتى ياكى بولمىسا ئىقتىسادى جازالار كوٴتوٴپ توٴراتتى. بىز شوٴ مەدرىسلەردە ئوقوٴش جەريانىدا شوٴ جاپاكەشلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادى، دىنى ۋە ئەۋلادلىرىغا قانچىلىك سەممى ئىكەنلىكىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ۋە ھېس توٴيغوٴلىرىمىزدا ھېس قىلغان ئىدوٴق.

يەنە سۆزلىسەم سۆزلەشكە تىگىشلىك بەك كۆپ خىسلەتلىرى توٴرۇپتوٴ، يوٴقىرىدا سۆزلىگىنىم شوٴ جاپاكەشلەر تارتقان جاپاسىنىڭ ئارىسىدىن تامچىدۇر خالاس. موٴشوٴنداق ئىخلاسمەن جاپاكەشلەر بارلىقىدىن كېچىپ مەدرىسىگە بەرگەن ئەۋلادلار ئېچىدىن شوٴنداق شىجائەتلىك، ئاتا ئانىسىغا ئوخشاش چىداملىق ئوٴستازلار يېتىشىپ چىقىدىكەن (ئاللاھ بىزنىمۇ شوٴنداق ئوٴستازلارنىڭ جوٴملىسىدىن بولوٴشقا نېسىپ قىلسوٴن). ئوٴلار ئىسلامنىڭ تارقىلىش مەنبەسى

بولغان مەدرىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلاشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەن .بىز شۇ يېتىشكەن پىداكارلارنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇشۇ كۈنگە ئىمانىمىز ۋە ساغلام ئەقىدىمىز بىلەن ئۇلاشقانمىز. بىز ئۇ ئۇستازلارنىڭ بىزلەرنى مەدرىسە ھاياتى ئارقىلىق تەربىيەلەش باسقۇچىدا ئۈن تىنىسىز قىلغان خىزمەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى ھېس قىلغان ئىدۇق. ئۇ پەيغەمبەر ۋارىسلىرى قەھرىتان سوغۇقلاردا قوللىرى ۋە پۇتلىرى توڭلاپ كەتكەن، بۇرۇت ساقاللىرىدا قىراۋ باغلىغان ھەتتا مۇز تۇتقان ھالەتلىرىدە ئەتتىگەن سائەت ئىككى ئۈچلەردە ھەممە ئىنساننىڭ تاتلىق ئۇيقۇدىكى ھالىتىدىن پايدىلىنىپ بىزلەرگە ئىمان ئېتىقادىمىزنى، قۇرئانىمىزنى، ھەدىسمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە كېتىدىغانلىقىمىزنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئېتىقادچى بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەپتىن ھازىرغىچىلىك باسمىچىلارغا بوي ئەگمەي ئۆزىنىڭ دىن بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن مەدەنىيتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايمىز ئولتۇرغان مەدرىسلەرگە كېلەتتى .ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوغۇقنىڭ تەسىرىدە، بەزىلىرى كۈن كۈنلەپ ناشتىسىز يۈرگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۆزلىرىگە ھەرخىل ساقايماس كېسەللەرنى ھەمراھ قىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار شۇ دىنىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان مەدرىسلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى قاتارغا قوشۇپ، مىللەتنى ئۇممەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئارقا سەپتە ئۈن تىنىسىز خىزمەت قىلىدىغان نامسىز قەھرىمانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى ئۈچۈن مائاش بېرىلمەيتتى. ئەكسىچە ئۆز يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ ئاجىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. مەكتەپلەردە دەرس ئۆتىدىغان ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئادەتتە ئۈچ مىڭ سومدىن بەش مىڭ سومغىچە چىقىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇلارنىڭ تەمىنات پۇلى ھېيت بايراملىق پۇلى، قىش پەسلىدە ئىسسىنىش پۇلى، ئاغرىپ قالسا داۋالىنىش پۇلى دىگەندەك بىرمۇنچە پۇللىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈنلۈك ئىشلەيدىغان سائەتلىرى، ئايدا ئالىدىغان دەم ئېلىشلىرى ۋە تەتىللىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇلار خىزمەتلىرىنى قاقشىغاچ قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىزچۇ؟ ئۇلار ھېچنېمىگە قاقشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ دەم ئېلىشى ئېغىر كسەل ياكى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ۋەزىيەتنى قاتتىق كونترول قىلغان بىر نەچچە كۈنلا بولىدۇ خالاس. دېمەك، مەدرىسە ئۇستازلىرى دۇنيالىق ئىمتىيازلىرىدا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بەھرىمەن بولغان ھېچقايسى ئىمتىيازدىن

بەھەرىمەن بولالمايدۇ. ئۇلار پەقەت رەببىنىڭ رەھمىتىنى ۋە مەغپىرىتىنى كۆزلەيدۇ خالاس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار كۇندە دىگۇدەك ئۇستازلارنىڭ تۇتۇلغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ بار يوقىنى دۇشمەنگە جەرىمانە بىرىش بەدىلىگە قۇتۇلغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ بولسا بىر نەچچە يىللىق قاماققا ئىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ ئۇستازلار دەرس توختىتىشقا قوشۇلمايتتى ۋە: دۇشمەن بىزنى ھەر ۋاقىت قورقۇتماقچى بولىدۇ. بىز دۇشمەن كۈتكەن يەردىن چىقىپ قورقۇنچىمىزنى ئىسپاتلىساق بولمايدۇ، ھەم يەنە بۇ ئوقۇ ئوقۇتۇش ھازىر بىزنىڭ بىردىن بىر قىلالايدىغان ئىشىمىز، شۇڭا بۇنى قىلالىغان ۋاقىتتا پۇرسەت بىلىپ قولدىن بەرمەسلىك كىرەك دەپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ دەرسنى داۋاملاشتۇراتتى. ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ قەھرىمانلارنى دۇنيا قىينچىلىقلىرى سىرتىدىن جىسمىنى تاۋلىسا، دىن دۇشمەنلىرىنىڭ ھىيلە نەيرەڭ ۋە بىسىملىرى مىللەت ۋە ئۇممەتنىڭ زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراشلىرى ئىچكى قىسمىنى تاۋلايتتى. ئۇلار سىرتىدىن كەلگەن پارچە مەئىشەت قىينچىلىقلىرىغا قانائەتچانلىق بىلەن تاقابىل تۇرسا، ئىچكى قىسمىنى قىيناۋاتقان قىينچىلىقلىرىغا تەۋبە ئىستىغپار بىلەن، ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە قارىتا ئۇمىدۋارلىق ھىس تۇيغۇسى بىلەن تاقابىل تۇراتتى. دىمەككى بىزنىڭ مىللەت ئىچىدىكى ئىمانلىقلارنى ئەنە شۇ مەدرىسە تاۋلىغان. قەدىمكى مەشھۇر ئۇستازلىرىمىزمۇ ئەنە شۇ مەدرىسىدە يىتىشىپ چىققان. تارىخىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق ھەر يۇرتتا مەشھۇر مەدرىسىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ تىلغا ئىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. مەدرىسە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنى خاتىرجەم ئەركىن ـ ئازادە ئۆگىنەلمەسلىكى ۋە ئۆگىتەلمەسلىكى مۇمكىن. دەل شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك چىقىش يولىمىز شۇ مەدرىسلەر ئارقىلىق قولغا كىلىدۇ.

ئاخىرىدا ئاللاھ تائالادىن شۇنى تىلەيمەن: ئى رەببىم ئۆزىڭنىڭ بارلىقنى بىغشلاپ سىلىنىڭ بىزگە ئامانەت قىلغان دىنلىرىنى سىلىدىن ئالغان ئەسلى ھالىتىدە كىيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىڭنىڭ قولىدىن كىلىشىچە خىزمەت قىلغان ئاتا ـ ئانىلىرىمىزغا، ئۇستازلىرىمىزغا، ئوقۇغۇچىلارغا ۋە شۇلارغا ياردەمدە بولغان ھەر بىر مەدرىس سۆيەر كىشىلىرىمىزدىن ھاياتلىرىغا ھىدايەت ۋە مەغپىرەت، مەرھۇملىرىغا جەننەتتە رەھمەت ۋە ئالي ماقام ئاتا قىلغايلا... (ئامىن)




ھايات بىر دېڭىز، ئىنسان ئۇ دېڭىزدا كېمىدە يولغا چىققان بىر سەيياھ، دىنىي ئېتىقاد ئۇ كېمىنىڭ كاپىتانى. كاپىتانسىز كېمىنىڭ مەنزىلگە يېتىپ بېرىشى ئىمكانسىز بولغىنىدەك، دىنىي ئېتىقادسىز ئادەممۇ مەنزىلگە تېنچ ـ ئامان يېتىپ بارالمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا دىنىي ئېتىقاد ئىنساننىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى ۋە ئايرىلالماس ھايات قوماندانى. قوماندانسىز ئەسكەر ئۇرۇشتا تەمتىرەپ قالغىنىدەك، دىنىي ئېتىقادسىز ئادەممۇ ھايات جەڭگاھىدا ھودۇقۇپ قالىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد پەقەتلا پىكىر ياكى بىر نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلا بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئىنساننىڭ قەلبىگە مۇناسىۋەتلىك ھايات مىزانى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئالاقىدار ئىدېئولوگىيىلىك قانۇن مەنبەسىگە ئىگە ئىقرار ۋە تەستىقتىن ئىبارەت روھىيەت ئوزۇقى. دىنىي ئېتىقاد تۇغما ئىقتىدارى يوق ئادەم بولمايدۇ، چۈنكى دىنىي ئېتىقاد ئىنساندا كەم بولسا بولمايدىغان روھىي ئوزۇق، ياكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئۆزلۈك روھىيتى ۋە تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى ۋە بۆشۈكىدۇر.

ئىنسانىيەت يارىتىلغاندىن بېرى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تارىخنىڭ ئوچۇق ئېكرانى شۇنىڭغا جانلىق شاھىتكى، ئىنسانىيەت ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان باتىل دىن بولسۇن ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى دىن بولسۇن ھېچ بىر ۋاقىت دىنىي ئېتىقادتىن خالىي قالغان ئەمەس. تۇنجى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى ۋە خېمىرتۇرۇچمۇ تامامەن دىنىي ئەقىدە، دىنىي پىرىنسىپ ۋە دىنىي ئاساسقا تايىنىدۇ، ھەممە ھاياتنىڭ ھەر قىسمىدا تەسىرى كۈچكە ئىگە. بۇ

ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم نەسلىنى ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ﴿ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق›دېدى»[1] دېگەن ئايەتلەر بىلەن بايان قىلغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق بوۋاق ئىسلام دىنى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ» دېگەن، شۇنىڭدەك يەنە بىر ھەدىس قۇدۇسىدا جانابى ئاللاھ تائالا: «مەن بەندىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى توغرا دىن ئۈستىدە ياراتتىم﴾[2] دېگەن.

ئىراقلىق ئالىم مۇسا ساۋى ئۆزىنىڭ «ئەرەب پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى ئەسىر كېيىن ئۆتكەن دىئوگېنىس لارشىفنىڭ ھەر قايسى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسى خاتىرىلەنگەن بىر مەشھۇر ئەسىرىدە، پەلسەپىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى قەدىمي شەرق مەدەنىيىتىنىڭ شاھانە مىراسى دەپ بىلگەنلىكىنى، بۇ خىل قاراش نۇرغۇن ئۆلىمالارنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلگەن پىكىر يەنى قەدىمي شەرق گرېتسىيىدىن بۇرۇن باي ۋە سەلتەنەتلىك مەرىپەتنى يارىتىپ ئۆتكەن دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىققانلىقىنى ۋە بۇ مەرىپەت تويۇنغان ئەمەلىي پەنلەر ۋە بىباھا دىنىي تەتقىقاتلارنىڭ مېۋىسى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ھەتتا پەن توغرىسىدا گەپ بولغاندا مىسىرلىقلارنىڭ ماتېماتىكا ۋە مېخانىكىنى ئەڭ بالدۇر بەرپا قىلغانلىقىنى، خىمىيىنى كەشىپ قىلىپ تىببىي ئىلمىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى دەپ ئۆتىدۇ. يەنە يېزىق توغرىسىدا گەپ بولغاندا، يېزىقنى بىرىنچى بولۇپ مىسىرلىقلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى، كۇتۇپخانىلارنى ئاچقانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئەمەلىي پاكىت سۈپىتىدە، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرىنى 6000 يىللىق تارىخقا ئىگە مىسىر ئېھراملىرى مومىيالىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە دىنىي نەزەرىيىلەرنىڭ بەرپا بولۇشىدا شەرقنىڭ غەربنىڭ ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى دەلىللەپ، قەدىمي شەرقلىقلەر بىزگە ئىلاھىي سۈپەت، ياخشى ـ يامان ۋە تەقدىر ھەققىدىكى ئاقىلانە قاراشلارنى

[1] سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قالدۇرغان. كېيىن يۇنان پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا قايتا-قايتا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەر دەل مۇشۇ قاراشلارنىڭ ئىنكاسى دەپ كۆرسىتىدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى پاكىت جەھەتتە ئېخمۇ كۈچلەندۈرۈپ، 3300 يىل بۇرۇنقى مىسىردا ئەۋج ئالغان كۆپ ئىلاھلىق دىنىغا ئۆكتە قوپۇپ بىر ئىلاھلىق تەلىماتىنى تىكلىگەن، ئۇ ئىلاھ دەل قۇياش ئىلاھى «ئاتون» دەپ ئېلان قىلغان ۋە بۇ ئىلاھقا مەدھىيە ئوقۇپ ئوتلۇق شېئىر يازغان ئەخناتوننىڭ پارچىلىرىدىن بىر قانچە مىسرا نەقىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، جانابى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا بۇ دۇنيانى گۈللەندۈرسۇن، باشقىلارغا پايدىلىق ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن مەدەنىيەت بەرپا قىلسۇن دەپ، بەش ئەزا، ئەقىل-ئىدراك، قابىلىيەت ۋە تۈرلۈك ئىقتىدار ئاتا قىلغان. شۇ سەۋەبلىكمۇ جانابى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسەتسۇن، ئەمگەك ۋە كەسىپ ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ياخشى ئىشلاردا نەمۇنە بولسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزگىچە قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ ئەۋەتكەن. مەسىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام

كېمە ياساش بىلەن دېڭىز-ئوكيانلاردا ئۈزۈشنى تەلىم بەرگەن، داۋۇد ئەلەيھىسسالام پولات-تۆمۈر ئېرىتىش جەھەتتە ئەمەلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى قايتىدىن تۈرغۇزۇپ چىققان، شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ باللىق چاغلىرىدا قوي باققان بولسا، ياش ۋاقىتلىرىدا يەتكەندە شامغا بېرىپ تىجارەت قىلغان، قۇبا مەسجىدى ۋە مەدىنە مەسجىدى قاتارلىق مەسجىدلەرنى ياساش جەريانىدا ئاممىنىڭ ئالدىدا ئۆزى تاشلارنى يۈدۈپ قۇرۇلۇش ئورنىغا توشىغان.

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بۈيۈك ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، جانابى ئاللاھ تائالا ئەسلىدە ئۇلارنى ئوخشاش ئەقىدىگە مەنسۇپ بىر پۈتۈن ئۇممەت قىلىپ ياراتقان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنسانغا يېيىش-ئىچىش، نىكاھلىنىش ۋە نەسىل قالدۇررۇش قاتارلىق شەھۋەت ۋە ھەۋەسكە مايىللىق كۈچى، ھەر خىل ئاپەتلەرگە، دۈشمەنلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مۇداپىئەلىنىش، قوغدىنىش كۈچى، غەزەپلىنىش، نەپرەتلىنىش ۋە كۆرەش قىلىشتەك غەزەپ-نەپرەت كۈچى، ھېس قىلىش، چۈشىنىش،

ئويلاش تەپەككۇر قىلىشتەك ئەقىل كۈچى ئاتا قىلغان. ئىنسان روھىيىتىدىكى بۇ خىل فۇنكسىيىلەرنى فارابى ئۆزىنىڭ: «كلاسسىك پەلسەپە پىرىنسىپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى، سېزىش فۇنكسىيىسى، خاھىش فۇنكسىيىسى، تەسەۋۋۇر فۇنكسىيىسى، تەپەككۇر فۇنكسىيىسى دەپ بەش خىل فۇنكسىيىگە خۇلاسىلىغان ۋە بۇ فۇنكسىيىلەرنىڭ ھەرگىز بىر دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مانا بۇ فۇنكسىيىلەر ئىنساننىڭ ئۆمۈر مەنزىلىنى بېسىپ، ھايات سەھنىسىدە نومۇر كۆرسىتىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى تاكامۇللۇقنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پائال كۈچكە ئىگە ئاكتىپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدىكى بۇ ئالاھىدە سۈپەتلەرنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرۇشتا ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلالايدۇ. چۈنكى بۇ سۈپەتلەرنى ئىنسان خاراكتېرىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن زات جانابى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بۇ سۈپەتلەرنى تەسەررۇپ قىلىشىدا ھېچ بىرىگە بىرەر مەجبۇرىي بەلگىلىمە ياكى چەكلىمە قويمىغان. ئەمما پەيغەمبەر ۋە كىتاپ ئەۋەتىپ، شەرىئەت ۋە قانۇن بەلگىلەپ، ياخشى-يامان يوللارنى ئېنىق كۆرسىتىپ، قايسىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىرادە ئەركىنلىكىگە تاپشۇرغان. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ئەقىل، ئىدراك، ھېس-تۇيغۇ، سۆيگۈ-مۇھەببەت، غەزەپ-نەپرەت، ھەۋەس-شەھۋەت، ئارزۇ-ئىستەك، قابىلىيەت-ئىستېداد، كۈچ-قۇۋۋەتلىرى مىقدار، سەۋىيە ۋە تۈر جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق يارىتىلغان، ھەممىدە زامان، ماكان ۋە مۇھىت رېتىمى بىردەك بولمىغان. شۇڭلاشقا ھەر دەۋردە يېتىشكەن ئەقىل ئىگىلىرى، دانىشمەن ۋە يېتۈك شەخسلەرنىڭ كائىنات ۋە كائىناتتىكى مەۋجۇداتلارنى چۈشىنىپ تەتقىق قىلىشى، قانۇنىيەتلەرنى بايقىشى بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى، ئېتىقاد قارىشى، تۇرمۇش قارىشى ھەر خىل تۈردە شەكىللەنگەن. شۇ سەۋەبلىك، ئىنسانلار ئېڭىدا ئاستا-ئاستا ئېتىقاد ئىختىلاپلىرى پەيدا بولۇپ، بەزىسى ئۆز فىترىتى(يارىتىلىشتىكى ئەسلى ھالىتى)نىڭ تەقەززاسى بويىچە جانابى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، بەزىسى ئۆزىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىغا يات ھالدا، ئوت، يۇلتۇز، ئاي ۋە كۈنگە ئوخشاش تەبىئەتتىكى كونكرېت شەيئىلەرگە ئېتىقاد قىلغان، يەنە بەزىسى ئۆزلىرى ياسىۋالغان تاش بۇتلارغا ئېتىقاد قىلغان. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى جانابى ئاللاھنىڭ ئىنسانلىق پىترىتىگە

مۇناسىپ شەكىلدە كۆرسەتكەن يولدىن چەتنەپ ئېتىقاد، ئاڭ، پىكىر، چۈشەنچە ۋە كۆز قاراش جەھەتتە ھەر خىل خاتا ۋە تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان، ئەقىدىسى پەرق قىلىدىغان نۇرغۇن بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا ئىنسانلار تارىخىدا ئۆزلۈكسىز كېلىۋاتقان ئېتىقاد توقۇنۇشى، دىنىي كۈرەش ۋە ھەر خىل ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر غەۋغالىرى بېسىلماي كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، توغرا ۋە دۇرۇس ئېتىقاد بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئەقلى بىلەن ھەر خىل مەنپەئەت توقۇنۇشى ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن باتىل(ساختا) ئېتىقاد ۋە مەزھەپ ئېقىملىرى ئارىسىدىكى كۈرەش تا قىيامەتكىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. شۇنداق، پىتنە ۋە زىيانكەشلىك يوقۇلۇپ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىستىقبالىدىن خاتىرجەم بولالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ۋە پۈتۈن دۇنيادا ئومۇمنىڭ تىنچلىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، پاراۋانلىق ۋە خاتىرجەملىك ساقلانغانغا قەدەر بۇ كۈرەش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿تاكى پىتنە (زىيانكەشلىك) تۈگەپ زېمىندا يالغۇز ئاللاھنىڭ دىنى ھاكىم بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾[①].

جانابى ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە كائىناتتىكى جانلىق ۋە جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنى يوقتىن يارىتىپ، مۇتلەق قانۇن، ئىنچىكە ئىنتىزام، زىل قۇرۇلما ۋە سىستېمىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە يەر يۈزىنى ياراتقان، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرگەن ۋە سىلەرگە كېمىلەرنى ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان قىلىپ بەرگەن، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇ سىلەر(نىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ئاي بىلەن كۈننى مۇنتىزىم سەير قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى، يەنە سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾[②].

شۇنىڭ ئۈچۈن سەييارە ـ پلانېتلاردىن تا ئاتوم، ئېلېكترون ۋە رادىيو ـ ئاكتىپ مىكرو ماددىلارغا چاغلىق كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەر ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسى ۋە ھېكمىتىدىن

[①]سۈرە بەقەرە، 193 ـ ئايەت.
[②]سۈرە ئىبراھىم، 32 ـ، 33 ـ ئايەتلەر.

ئىبارەت ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتىدە قويۇلغان بىر قىسىم قانۇن ۋە ئىنتىزام بويىچە جارىي قىلدۇرۇپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭمۇ ئومۇمى نىشانى بولغان يەنى شەيئىلەرنىڭ ئىنسانغا خىزمەت قىلىشى، ئىنساننىڭ ئۇ شەيئىلەردىن مۇناسىپ شەكىلدە پايدىلىنىپ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدا ماسلىق، ئۇيغۇنلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئالاقە تۇرغۇزغان. شۇ سەۋەبلىك ئىنسان كائىناتتىكى زەررىدىن سەييارىلارغىچە پۈتۈن شەيئىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا، ھەم ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلىپ پايدىلىنىشقا ھاجىتى بار.

ئىنسانىيەت يارىتىلىپ يەر شارىدا ياشاشقا باشلىغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ ياشاش ئەھۋالى بىر نەچچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلدى ۋە نەتىجىدە ئاجايىپ كەشپىيات ۋە ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈردى. چۈنكى ئىنسان كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ جەۋھىرى ۋە ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەر ئىنساننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ۋە ئىنسانغا بۇ شەيئىلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئىدارە قىلىش قابىلىيىتى بېرىلگەنلىكى بىر ھەقىقەت. جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا

ئەقىل ـ ئىدراك، ھېس ـ تۇيغۇ ئاتا قىلىش ئارقىلىق باشقا ھەرقانداق مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتقان. ئىنسان كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇلۇغى، ئەۋزىلى، قابىل ۋە ئىستېداتلىقى. ئىنساننىڭ باشقا مەخلۇقلاردىن بۇ قەدەر ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇشىنىڭ ھېكمىتى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان ۋەزىپىسى جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدا قويغان توغرا دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا، ئۇ زاتقا خالىس ئىبادەت ۋە مۇتلەق ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇشتىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك جانابى ئاللاھ ئىنسانىيەت تارىخى باشلىنىش بىلەن تەڭ ئۇلارغا توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبەر ۋە كىتاب ئەۋەتىپ مۇتلەق ئىتائەت قىلىش ۋە بوي سۇنۇش مەزمۇنىدا ئىپادىلەنگەن ئىسلام ئېتىقادىدىن ئىبارەت بىر ئىلاھلىق ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسى بويىچە ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

ئەسلىدە، توغرا ئەقىدىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەقىدە ۋە ئەقىدىگە ئۇلاشتۇرىدىغان يول ھەر خىل بولۇپ، تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە مېتودلاردىن خالى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ

هەقىقەتنى ئۇممەتكە تەلىم بېرىش مەقسىتىدە، بىر كۈنى بىر قانچە ساھابە كىراملار ئارىسىدا تۇرۇپ، تۈز بىر سىزىقنى سىزغاندىن كېيىن ئۇ سىزىقنىڭ ئەتراپىغا بىر قانچە سىزىقلارنى سىزىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ توغرا سىزىق ھەق يول، ئەتراپىدىكى سىزىقلار بولسا باتىل يول، بۇ باتىل يوللارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بېشىدا شەيتان تۇرغان بولۇپ، (توغرا ھەق يولدا ماڭغان) مۇسۇلماننى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ باتىل يوللارغا چاقىرىدۇ»[1].

شۇ سەۋەبلىكمۇ جانابى ئاللاھ يەر شارىدا، تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىش بىلەن تەڭ ئۇ زاتنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۇرۇپ جەمئىيەتلىشىشىگە ئۇلاپ ئۈزلۈكسىز ھالدا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىپ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە بىرلىكى ئاساسىدا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھايات نىزامى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، دىن نامى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قارىشىنى تۇرغۇزۇپ بەرگەن. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەر باسقۇچىدا پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈلگەن دىنىنىڭ ئاساسى ئىسلام بولۇپ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممەتلىرىنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا توغرا يولغا يېتەكلەپ كەلگەن. جانابى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ﴾[2] دېمەك، ئىنسان ئەسلى يارىتىلىشىدىنلا دىنىي خاراكتېر بىلەن يارىتىلغان.

ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ خاراكتېرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تارىختا تۈرلۈك سۇيىقەستلەر پىلانلاندى، ھەر خىل ئېقىم ۋە كۆزقاراش ئاساسىدا قانۇن ۋە نىزاملار تۇرغۇزۇلدى. ھەتتا ئىنسان ھەرە بىلەن ئىككى تىلىم قىلىپ تاشلاندى، ئورەككە تاشلاندى، قوزۇق قېقىلىپ، قوزۇقتا ئولتۇرغۇزۇلۇپ ئارقىدىن كۆيدۈرۈلۈپ تاشلاندى. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇرۇج سۈرىسىدە «ئەسھابۇل ئۇخدۇد» دېگەن ئىسىم بىلەن ئومۇمى شەكلىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

بۇ پاجىئەلىك ۋەقە بۇگۈنكىدەك مەدەنىيەتلىك، ساپاسى ئۈستۈن ئىنسانلار

[1] ئىمام ئەھمەد، نەسائى ۋە دارمى رىۋايىتى.

[2] سۈرە رۇم 30 ـ ئايەت.

شەكىللەندۈرگەن جەمئىيەتتىمۇ يۈز بەرمەكتە، بەلكى ئەينى چاغدىكىدىن تۈركۈملەپ، ھەمسەلەپ ئېشىپ مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ، ھەتتا مىللەتلەرنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىش مەقسىتىدە ھەر خىل باھانە ۋە سەۋەبلەر ئويدۇرۇلماقتا. ئالدىغان بولساق 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولشۋىكلاردىن كېيىن دەۋر بېشىغا چىققان لېنىن يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان دىكتاتور ستالىن ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق قولى ئاستىدا نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ قېنى ئاققان بولسا، ئارقىدىن ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى زالىملارنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا قانچىلىغان خەلقنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. بۈگۈنكى كۈنىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە تۆھمەتچىلىك، ئەسەبىي مىللەتچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك، سىياسىي غەرەز ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى ئاستىدا پەلەستىن، بوسنىيە، چېچەنىستان، ئافغانىستان، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ۋە «ئەرەب باھارى» نامىدا ئوينىلىۋاتقان سىياسىي ئويۇن ۋە قانلىق ۋەقەلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ.

دېمەككى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بۇ تراگېدىيىلىك ھادىسە ۋە زۇلۇم-ستەملەر، جانابى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننىڭ ۋە شۇنداقلا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھايات نىزامىنى ۋە بەخت-سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك ماھىيىتىدە قويغان ساپ تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ روھىدىن چەتنەپ، پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن كۆرسەتكەن توغرا يولدىن ئېزىپ، قۇرۇق داۋراڭ ۋە سەپسەتىلەر بىلەن ئوينالغان تۈرلۈك ئويۇنلارنىڭ موللۇق مەھسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى ئاچچىق ھەقىقەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام ئەقىل ۋە ساغلام پىكىر ئىگىسى بولغان ھەرقانداق كىشى ۋە شەخسلەرنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىگە ئەرزىيدىغان مۇتلەق ھەقىقەت شۇكى، جانابى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدا قويغان توغرا دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا، ئاللاھقا خالىس ئىبادەت ۋە مۇتلەق ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇش مەزمۇنىدا ئىپادىلەنگەن ئىسلام ئېتىقادىدىن ئىبارەت بىر ئىلاھلىق ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل-ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك قىلىشتىن باشقا ھەرقانداق نىزام ۋە سىستېمىلار ئىنسانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۇ ئەسلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان رېئاللىقتۇر.




مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇساتتار مەۋلىۋى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆتكەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەردىن بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا مىللىي ۋە دىنىي ئىشلاردا باشلامچى بولۇش، ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىش قاتارلىق ئۇنتۇلماس ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن ياد ئېتىلمەكتە.

مەرھۇم ئابدۇساتتار مەۋلىۋى 1909 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىك يېشىدىن باشلاپلا دىنىي مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بولغان. كېيىنچە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا چىقىپ، كەشمىر، بومباي ۋە دېيۇبەندى قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «دېيۇبەند ئۇنىۋېرسىتېتى»دە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئانا ۋەتەنگە قايتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ جايدا ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولغان.

ئابدۇساتتار مەۋلىۋى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە 1949 ـ يىلى ھىندىستاندىن ئايرىلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىگە كېلىپ يەرلىشىدۇ. مەۋلىۋى مەدىنىدە بىر قانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، جىددە شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، تۇرمۇش قۇرىدۇ ۋە جىددە شەھىرىنىڭ باب مەككە رايونىدىكى چوڭ بازاردا كىچىككىنە بىر ئاياق كىيىم سېتىش دۇكىنى ئېچىپ، شۇ دۇكاندا ئاياق كىيىم سېتىش بىلەن ھاياتىنى تەمىن ئېتىشكە باشلايدۇ.

## مەۋلىۋىنىڭ پائالىيەتلىرى

مەرھۇم ئابدۇساتتار مەۋلىۋى

ئۇيغۇرلار مەسلىسگە ئەڭ زور كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھەمىشە خەلقنى يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىش دېگەندەك پەزىلەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى.

مەرھۇم ئابدۇساتتار مەۋلىۋى 1983-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئىئانە توپلاپ پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ جايدا ئانا ۋەتەندىن چىققان ئۇيغۇر ھاجىلارنىڭ يېتىپ-قوپۇشلىرى ئۈچۈن بىردىنبىر پاناھ بولۇپ كېلىۋاتقان مەشھۇر خوتەن ۋەقپى بىناسى «شەبنەم قونالغۇسى»نى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر ھاجىلار ئۈچۈن ۋەقپ قىلىۋەتكەن. ئۇ يەنە 1984-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار فوندى»نى ئۆزى باش بولۇپ قۇرغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مەزكۇر فوندىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن.

مەرھۇم ئابدۇساتتار مەۋلىۋى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىم ئېلىش ئىشلىرىغا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە ئىلىمنىڭ قەدرىگە يەتكەن كىشى بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي پاكىستان، تۈركىيە ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئۇ جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سوراپ، كەملىرىنى تولۇقلاپ بېرىپ، دەرتلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

مىسىر ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، مەرھۇم ئابدۇساتتار مەۋلىۋى 1986-يىلىنىڭ مابەينىدە، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە ۋە پاكىستاننىڭ لاھور، ئىسلام ئاباد ۋە راۋالپىندى شەھەرلىرىگە مەخسۇس ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى يوقلاش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغانلىقى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇلارغا مەدەت بەرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

مىسىردا ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە، مەرھۇم ئابدۇساتتار مەۋلىۋىنىڭ 1988-يىلى بىر قېتىم 1990-يىلى يەنە بىر قېتىم مىسىرغا بېرىپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا بىر-بىرلەپ كىرىپ ئۇلاردىن ھال ئەھۋال سورىغانلىقى، ماددىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى ۋە بارلىق ئۇيغۇرلارنى يىغىپ، قاھىرە شەھىرىنىڭ نىل دەرياسى بويىدىكى چوڭ رېستورانلارنىڭ بىرىدە مېھمان قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

مەرھۇم ئابدۇساتتار مەۋلىۋى 2007-يىلى 11-ئاپرېل كۈنى ئەتىگەن سەھەردە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدىكى دۆلەت ھەربىي دوختۇرخانىسىدا 98 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.




**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۆلىمالىرىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ كەلگەن ئىدۇق. بۇ ساندىن باشلاپ مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ۋە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ساھىب ئۆلىمالىرىمىز، شۇنداقلا ھەر ساھەدە ئۇتۇق قازانغان قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە ئاچراتتۇق.**

...

ئۆلۈككە تەخت ياساپ ئالتۇن، تىرىككە گۆر ـ لەھەت قازما،
ئادەمزات نەسلى سەن، ئىدراك ـ ئەقلىدىن بۇ قەدەر ئازما.
ھاياتلىق پەسلى قان ئەيلەپ يۇرەك باغرىنى كوت ـ كوتىن،
نەپەستىن توختىغان دەمدە مىشلداپ مەرسىيە يازما.

...

يېقىندا ① مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم ھەققىدىكى ئەسلىمەنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا مەشھۇر شائىرىمىز مۇھەممەد ئەلى زۇنۇنىڭ رىئال ھېكمەتلەرگە تويۇنغان يۇقىرىدىكى شېئىرىي مىسرالىرىنى ئەسلەپ قالدىم. قارىسام يېقىنقى 30 ـ 35 يىل مابەينىدە ئىسلام ئەللىرىدە

① 2017 ـ يىلنى دېمەكچى

ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە دىنىي خىزمەت قىلىپ، ئۇلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئالىم - ئۆلىمالىرىمىز خىلى كۆلەملىششكە قاراپ مېڭىپتۇ. خەلقىمىز ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى تونۇسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ئەل - ئاۋامغا نىسبەتەن ناتونۇش ھالەتتە تۇرماقتا ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن "ئۆلگەندە ياسىن ئوقۇغاندىن، ھايات ۋاقتىدا قەدرىنى بىلگەن ئەۋزەل" دەپ قارىدىم - دە، دەررۇ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئۈمىدىم شۇكى، قەدىردانلىرىمىز كۆمۈلۈپ قالمىسۇن، ئەل، ۋەتەن، خەلقىمىز بۇلارنى تونۇسۇن، ياش ئۆگەنچىلىرىمىز شۇلاردىن ئىلھام ئالسۇن...

## ئاۋىستىرالىيە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ دىنىي پېشىۋاسى ئابدۇسالام ئابدۇغەنى ئالىم.

ئابدۇسالام قارىھاجىم 1973-يىلى ئۈرۈمچىنىڭ قۇتۇبى ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر، قويۇق دىنىي مۇھىتقا ئىگە بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان خوتەنگە كۆچۈپ كېلىپ، ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئىپتىدائىي دىنىي تەربىيەلەرنى ئاتا-ئانىسىدىن ئالغان. شۇنداقلا قۇرئان كەرىمنى دادىسى ئابدۇغەنى قارىھاجىمنىڭ قولىدا يادقا ئېلىپ تۈگەتكەن.

1982-يىلى يەنى توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادقا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خوتەندىكى مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم، ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم، مەرھۇم مۇھەممەد ئەلى ئاخۇن خەلپىتىم، مۇھەممەد زاكىر ئاخۇن خەلپىتىم... قاتارلىق مەشھۇر ئۆلىمالاردا ئەرەب تىلى ۋە دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

1985-يىلى پاكىستانغا چىقىپ، ئالدى بىلەن پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدىكى ئىمام مەۋدۇدىي ئىسلام ئىنىستىتوتىدا تۆت يىل ئوقۇغان. 1989-يىلى پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلام ئابادتىكى خەلقئارا ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، مەزكۇر ئىلىم يۇرتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىدا ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن دوكتور ھۇسەين ھامىد ھەسسان، دوكتور ھەسەن شاپىئىي قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئالىملاردىن بىۋاستە ئىلىم ئالغان ھەمدە ئوقۇش جەريانىدا ئىمام مەۋدۇدىي، مۇھەممەد ئىقبال، ئىمام ھەسەن بەننا، شەھىد سەييىد قۇتۇبتەك ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەسىرگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ۋە خوتەندە ئالغان ئەنئەنىۋى ئىسلام ئېقىمى بىلەن يېقىنقى

زامان ئىسلام ئېقىمىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىدە ئىلغار ئىسلام ئىدىيەسى يېتىلدۈرگەن ۋە خەلقئارا ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتىدا بەلگىلەنگەن دەرسلىكلەرنى تولۇق ئۆگىنىپ، شەرىئەت ساھەسى بويىچە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 1994-يىلىدىن 1998-يىلىغىچە يەنە شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى بويىچە تۇغۇت چەكلەش مەسىلىسى ھەققىدە ئەرەب تىلىدا دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى يېزىپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان.

ئابدۇسالام قارىھاجىم پاكىستاندا ئوقۇش جەريانىدا باشقا ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي، مەنىۋىي قىيىنچىلىقلىرىنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىشقا تىرىشقان.

1999-يىلى جەنۇبى ئاۋستىرالىيە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاۋستىرالىيەگە كۆچۈپ كەلگەن، ھازىر ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلايد شەھرىدە «گاردىن كولىج» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاننىڭ سىرتىدا، ئادىلايد شەھرىدىكى ئاۋستىرالىيە ئىسلام جەمئىيىتىگە قاراشلىق مەسجىدنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئابدۇسالام قارىھاجىم ئاۋستىرالىيەگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنمۇ ھەرخىل كۇرسلاردا ئوقۇپ ئىلمىي ئىقتىدارىنى تولۇقلاپ ماڭغان.

ئابدۇسالام قارىھاجىم ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار دۇچ كەلگەن دىنىي مەسىلىلەرگە توغرا پەتىۋا بېرىدۇ، جامائەتچىلىككە ۋەز-تەبلىغ قىلىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ. باللىرىنى تەربىيەلەيدۇ. ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. قىسقىسى، ئابدۇسالام قارىھاجىم ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ، مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىشتا ئالاھىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئابدۇسالام قارىھاجىم مەككە، تەيۋەنلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يىغىنلارغا ئىشتىراك قىلغان ۋە 2016-يىلى 1-ئايدا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە قۇرۇلغان ″شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى″نىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر بىرلىكنىڭ باياناتچىسى بولغان.

ئابدۇسالام قارىھاجىم ئەرەبچە، ئۇردۇچە، ئىنگلىزچە تىللارنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.




1. روزا تۇتۇش ئۈچۈن كالىندار ئەمەس، بەلكى ئاي كۆرۈش ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

2. رامزان روزىسىغا تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال نىيەت قىلىش شەرتتۇر.

3. نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش شەرت ئەمەس، بەلكى روزا تۇتىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈش يېتەرلىكتۇر.

4. نەپلى روزا ئۈچۈن شۇ كۈنىنىڭ پېشىن ۋاقتىغىچە نىيەت قىلىسىمۇ يېتەرلىكتۇر.

5. ئاز مىقداردا بىرنەرسە يېيىش بىلەنمۇ، ھەتتا بىرەر دانە ئۇقۇت يېيىش ياكى بىرتامچە يامغۇرنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنمۇ روزا بۇزۇلىدۇ.

6. روزا تۇتقىنى ئېسىدە يوق ھالدا بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ قويغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

7. روزا تۇتقان كىشىنىڭ گېلىغا چىۋىن ياكى چاڭ ـ توزان كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

8. ئۆزىگە ئەتىر چېچىش ياكى گۈللەرنى پۇراش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

9. ئۇششاق تاش ياكى كىچىك چالما چاغلىق نەرسىلەرنى يۇتۇپ سالغان كىشىنىڭمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر كۈنلۈك قازا لازىم كېلىدۇ.

10. ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتسا ئۆزلىرىنىڭ ياكى بالىلىرىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇشىدىن ئەنسىرىسە روزا تۇتمايدۇ ۋە كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

11. رامزان كۈندۈزىدە ئېھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئۇنىڭغا غۇسۇل قىلىش پەرز بولىدۇ. شۇھامان غۇسۇل قىلىسىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

12. روزا تۇتىدىغان كۈنىنىڭ دۆلەت تەرەپتىن بەلگىلىنىشى شەرت ئەمەس، بەلكى ئاينى كۆرگەن ھەربىر كىشىنىڭ

روزا تۇتۇشى پەرزدۇر.

13. شەك كۈندە (يەنى كىشىلەر شەبان ئېيىغا تەۋەمۇ ياكى رامىزانغىمۇ دەپ شەك قىلىپ قالىدىغان كۈن ـ شەباننىڭ 30 ـ كۈنىدە) روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر.

14. دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ روزا تۇتىدىغان كۈنى شەك كۈنگە توغرا كېلىپ قالغان بولسا، بۇ كۈندە روزا تۇتۇشى مەكرۇھ سانالمايدۇ.

15. رامىزان كۈندۈزىدە ئىختىيارسىز قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئەمما قەستەن قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

16. رامىزان كۈندۈزىدە قان ئالدۇرغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

17. رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ، بۇنداق كىشىگە قازا بىلەن كاپارەت لازىم كېلىدۇ. ئەر بۇ ئىشنى ئايالىنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلغان بولسا، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە قازا بىلەن كاپارەت كېلىدۇ. ئەگەر ئايالىنىڭ ئىختىيارىسىز مەجبۇرلاپ قىلغان بولسا، كاپارەت ئەر كىشىگىلا كېلىدۇ، قازا ھەر ئىككىسىگە كېلىدۇ. كاپارەت ـ بىر قۇل ئازات قىلىش، قۇل تاپالمىسا ئىككى ئاي ئۈزمەي روزا تۇتۇش، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە ئاتمىش مىسكىنگە بىرۋاخ تاماق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

18. ئوكۇل سالدۇرۇپ داۋالىنىش (غىزلاندۇرىدىغان ئوكۇل بولمىسىلا) روزىنى بۇزمايدۇ.

19. رامىزان كۈندۈزىدە يېيىش ياكى ئىچىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزغان كىشىگە ھەنەفىي مەزھىبى بويىچە قازا بىلەن كاپارەت كېلىدۇ.

20. ھەيز (ئايلىق ئادەت) ياكى تۇغۇت سەۋەبى بىلەن رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغان ئاياللار كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. بىراق ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ.

21. ھەيىزدار ياكى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشى جايىز ئەمەس. تۇتقان تەقدىردىمۇ ھېسابلانمايدۇ.

22. رامىزان كۈندۈزىدە ھەيز كۆرگەن ياكى تۇغقان ئايالنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. ئۇلار كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

23. سۇھۇرلۇق يەۋاتقان ۋاقىتتا بامداتقا ئەزان ئوقۇلغان بولسا، يېيىشنى دەرھال توختىتىپ نىيەت قىلىش كېرەك، تۇتقان روزا دۇرۇستۇر.

24. جىنابەتتىن پاك بولۇش ناماز ئوقۇش ئۈچۈن شەرتتۇر، ئەمما روزا تۇرۇش ئۈچۈن شەرت ئەمەس. شۇڭا جىنابەت بىلەن روزىنى باشلىغان كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇستۇر. مۇنداق كىشىنىڭ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن غۇسلى قىلىشى پەرزدۇر.

25. مۇساپىرلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت بار. ئەمما سەپەردە قىيىنچىلىق بولمىسا، روزا تۇتقىنى ئەۋزەلدۇر. بىراق زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان سەپەرلەردە بولغان كىشىنىڭ روزا تۇتمىغىنى ئەۋزەلدۇر. مۇساپىرنىڭ روزا تۇتماسلىقى ئۈچۈن، سەپەر مۇساپىسىنىڭ 90 كىلومېتىردىن كۆپ بولۇشى شەرتتۇر.

26. قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق

تۇپەيلىدىن روزا تۇتالمىغان كىشىلەر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىدۇ.

27. كېسەل كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت بار، ئەمما روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان كېسەلنىڭ ئادەتتىكى باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى ۋە كۆز ئاغرىقىغا ئوخشىغان يېنىك كېسەللەردىن بولماستىن، بەلكى روزا تۇتسا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان ئېغىر كېسەللەردىن بولۇشى شەرتتۇر.

28. روزا تۇتقۇچىغا مىسۋاك قىلىش، سەپەرگە چىقىش، هاۋا قىزىپ كەتكەندە سۇ بىلەن ئۆزىنى سوۋۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ

29. رامىزان روزىسىنى قەستەن بۇزىۋەتكەن كىشىنىڭ جازاسى بىر كۈن ئۈچۈن ئاتمىش كۈن روزا تۇتۇشتۇر.

30. رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتۇشتا ئارقا-ئارقىدىن ئۈزمەي تۇتۇش شەرت ئەمەس. بەلكى پارچە-پارچە تۇتسىمۇ بولىدۇ.

31. كاپارەت پەقەت رامىزاننىڭ روزىسىنى قەستەن بۇزغانلىق ئۈچۈنلا لازىم كېلىدۇ. ئەمما كاپارەت روزىسى قازا روزا ۋە نەپلى روزىلارنى بۇزغانغا كاپارەت كەلمەيدۇ.

32. نەپلى ئۈچۈن روزا تۇتۇپ، ئۇنى بۇزغان كىشى ئۈچۈن هەنەفىي مەزهەبىدە قازا كېلىدۇ. ئەمما باشقا ئۈچ مەزهەبتە، بۇ روزا ئىختىيارىي روزا بولغانلىقتىن، ئۇنى بۇزغان كىشىگە كەلمەيدۇ.

33. روزا هېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدە ۋە قۇربان هېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تۆتىنچى كۈنىگىچىلىك روزا تۇتۇش هارامدۇر.

34. رامىزاندىن باشقا ئايلاردا يالغۇز جۈمە كۈنىدە ياكى يالغۇز شەنبە كۈنىدە روزا تۇتۇش مەكرۇهتۇر.

35. ئېتىبار قىلماستىن ئۇلاپ روزا تۇتۇش مەكرۇهتۇر.

36. روزىدار كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئايالىنى شەهۋەتتىن خالىي هالدا سۆيۈپ قويۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىنىڭ ئايالىنى قۇچاقلىشى مەكرۇهتۇر.

37. روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئۆز تۈكرۈكىنى يۇتۇشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

38. روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە كۆزىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك داۋالىنىش مەقسىتى بىلەن بەدىنىگە ئوكۇل سالدۇرۇشى بىلەنمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

39. روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئېغىزىغا، بۇرنىغا ۋە قۇلىقىغا دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭدەك ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋرەت ئەزاسىغا دورا قويۇشى بىلەنمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

40. روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە يۇيۇنۇشى بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.